توزگوچی پولات قادیری

AltunOq

یازغوچی: پولات قادیری

# الوغ تاغ

2 نچی قسم

ناشیری: آلتای نشریات اداره‌سینینك بلم تورکومی.



پولات قادیری

# 1 — باب قمول انقلابی دەوری

## قمول وە قمول واڭی

قمول، یورتیمزنڭ شرق طرەفیدیکی بر ولایت بولوب، ماڭ-
جور دەوریدن باشلاپ جڭ شورین زامانیغە قدەر واڭلەرنڭ ادا
رەسیدە بولوب کەلگەن. قمول اصلی خاتون تام، تاش
بالق، آرا تورك، تورکول، نەرین کیر، قورای، تاراتو... آتلق
12 تاغدن عبارەت بولوب، بو تاغلەر دورغالار آرقالی واڭ طرەفی
دن ادارە قیلینور ایدی. یاڭ زین شین دەوریدە، یورتیمزنڭ ەش
ەور واڭی بولغان بو قمول واڭی هم باشقا واڭلەرغە اوخشاش
سیاسی حقو قدن آیر یلب، حکومت آلدیدا هیچ بر اعتباری
قالمیدی.

قمولنڭ بتون یەر زیمینی، چاروا مالـی واڭنڭ خصوصی
ملکی حالیغا کیلب قالغاندن تاشقاری، بوواڭ خلق اوستیگە عادەتت
دن سرت آلوان - یاساق سالب اوزی بیلگەنچە خلقغە قوپال
موعاملە قیلب دەور سوروشکە باشلیغاندا، 1911 — یلی قورای
تاغیدا تمور خلفت، خواجە نیاز حاجم لەر طرەفیدن واڭ شاە
مقصودقا قارشی عصیان کوتورولدی. شاە مقصود بو عصیانی باس
تورماق اوچون مراجعت ایلە یاڭ زین شین دن عسکر یاردەم
کەلتوردی. کوپ سوقوشدا شاە مقصود ییڭیلب، عصیانچیلەر 8000
گە یەتکەندە، یاڭ زین شین تمور خلفتنی سلحگە چاقردی. او
رومچیدن وەکیل بولوب کەلگەن لی نامق آدەمنڭ « یاڭ زین
شین نڭ سزگە یمان قصدی یوق » دەب قرآن توتوب بەرگـەن
قەسەمیگە ایشەنیب، تمور خلفت اورومچیگە چقدی. آز کوناوت
مەی تمور خلفت وە تورپانلق محی الدین ایشان، یاڭ طرەفدن
اولتورولدی.

# جِنْ شُورېن وه قُمول

يانْ زېن شىن، قەن ئاملىق كىشى طرەفيدن اولتورولوب، جِنْ شورېن حكومت باشيغا چىقدى. 1928 — يلى وانْ شاه مقصود اولوب، وارىثلىق اونىنْ اوغلى نظرگه قالدى. جِنْ شورېن بو نظر وارثنى اوروميچىگه چاقرتب ايلب چقب، قمولنى 3 ناحيه گه بولوب، مەئمورى حقوقى وارثدن تارتب ايلب، ئەركىن ياشاپ كەلگەن قمول خلقينى بى واسطه اوز ادارەسى آستيغا آلدى وەقمول ناحيەلريگه حكومتدن حاكم ايبەردى.

اوز — اوزينى اداره قيلب كەلگەن قمول خلقيغه جِنْ شورېننىنْ بو حركتى بەك ايغر توييلدى. بوييگى كەلگەن حاكملەر، بوييگى تشكيل بولغان قمول ناحيەلريدن غلە آشليغينى 1929 — يليدن باشلاپ ايلشقا تيگشلك بولغان بولسەمو، اما 1928 — يليدن باشلاپ آلماقغا خلقنى مجبور قيلدى. بونىنْ اوستيگه قمولغا كيلب هربر تشكا چيقب تورغان جِنْ شورېن عسكرلرى اوزگرى بيلگەنچه خلقدن آلوان - ياساق ايلشقا باشلىدى. اولمەك اوستگه تەپمەك قيلب، جِنْ شورېن اوزيننىنْ گانسوديكى يورتلاشـ — لريدن 80 اويلوك مهاجر كوچوروب ايلب چيقب، قمول خلقيننىنْ قار تيريلغو يەرلرينى تارتيب ايلب اولارغا بولوب بەردى. بوحقده ناراضيلق بيان قيلب قمول خلقى طرەفيدن يازيلغان عرضلەر اعتبارغا آلنميدى.

## قمول انقلابيننىنْ كوتيرولىشيگه بولغان سبب

جِنْ شورېننىنْ بوتون قيلمىش انسانيتسز حــركتلرى قمول خلقينى بر عصيان كوتورمەككه مجبور ئەتدى. بركونى قمولدا تورغان جِنْ شورېن عسكريدن 4 - آلاى (باتاليون)دن 6 نفر عسكر ميوه آلماق اوچون گەپ - سوزسز طاهر مرابننىنْ باغيغا كيرگەن. طاهر مراب عسكرلرننىنْ بونداق زورلوق قيلغانيغا چيدىيماى بو عسكرلرنى توتوب، باشلقلريغا تاپشوروب جازا بەردورمەكچى بولغاندا، بو عسكرلر طاهر مرابنى اوروب اولتورگەن. بو واقعەتوغ

جوڭلوق بيريلگەن عرض گە، ر جلڭ شوربزەاو قانداغ ميوە، بهاسى قانچە ايكەن؟» ديگەن سوآلنى سوراشدن باشقا هيچ قانداق چارە كورمەيدى وەعسكرلرنى، جارالىيەيدى، بولر.

2نچى، قمول غانلڭ 30 تيوەسى خلقى هلريلى ؤ كۆتيوە گەآرتيلغ قوبتاون تار تب آ ان !ون مصاديره لودو. تاراتى تاغ لنغاندن تاشقرى ئلڭ دورغاسى سا 300 سرپول، 20 ايح نلڭ اون تار تە باون، 40,000 كىلبوا تقان آدد، اداق سەلان، او لرى بولدا لوى چون اشتراف قو سى جاڭ عسكر ولدى. بو اش گە اوچرايدو رافنى بريوللا عسكرلر، «سيلە بريشكە كوچى بو اونلرنى تا ەتميگەن سالح قى ما گخولىم ورغا نى قماب اليب باروراكى ويودو. خواجە سيلر» ديگەن ياز حاجم، يول بهانە بلەن سالح ارس بگلەرنڭ دورغانى حربى كفالتى ايلە سالح محكيمە گە تاپشو دورغا سولاقلەن رودو. سالح دور چقـقان همان:



قومول انقلابينڭ ييتەكچيسى مرحوم

خواجە نياز حاجم

اگر مەنظالملارغا قارشى عصيان چيقارميسام، حاكم ايلە عسكر باشليغينڭ قانينى اچميسەم، مينڭ اسميم سالح بولماى كەتسون» ديب قەصەم قيليدو .

3 ــ والڭ قاشيدا تورغان رەحيم اسملك بر بهادر آدامنى شبهە ايلە اولتورمەك اوچون جلڭ شورينى دن امر كيليدو. بو اشقا قمول خلقى نهايتى قاتتق خاپا بولوب زورغولغولا كوتورودو. بونگدن چوچوگەن عسـكر بـاشـليغى رەحمنـى علاجسز لـوكـچونـگە سور گون قيليدو .

4 ـ نازىرىن كىرلىك قورالالى 40 قوي ايلىپ بار. كۆلگە ساتماق اوچون
بارغاندا ، دخى ساتىلمىغان قوي غا ـ سەن باج تولومەيسەن دەپ 500
سىر اشتراف قويودو.
5 نچى قمول خلقى غضبكە كيلىپ ، عصيان كوتۇر مەككە
يول باشچى كوتوب تۇرغاندا ، عسكر باشلىغى جاڭ كاجاڭ آط تورك
دورغاسى عبدنياز مراب نىڭ گلخان اسملك بر قزينى آلماققا حر
كت قىلدى. اصلى مسئلە تورك لىك نىڭ ناموسيغا تيگيدىغان ، وەاس
لام دينيمز توسوغان ـــ يات ملت نىڭ تورك دىن خاتون ـــ قزالش
مسئلەسيگە باريپ تاقالغاندا ، خلق تاقت قيلىپ تورالميدى.
جاڭ كاجاڭ دىن وەكيل بولوب قز سوراب كلگەن بر كشيگە
عبدنياز مراب ، «سەن قايسى وجدانىڭ ايلە بر تورك - مسلمان
قزينى ، بريات - ملتكە بەرمەككە تكلف قيلىپ كەلديك» دەپ قاتتىق
سوز قيلدى. عبدنياز مراب ، سالح دورغا ، خواجە نياز حاجم باش
لىق يورت كاتتالرى عصياننى توي كونى باشلىماققا قرار قيلىشىپ
يالغاندىن جاڭ كاجاڭ غا قزنى بەرمەك بولودو. جاڭ كاجاڭ خوش
بولغاندىن هيچ بر شەك لەنمەستىن توي غا 32 عسكرى ايلە كيلدى.
توي آخشامى جاڭ كاجاڭ قز غوجراسيغا كيرگەندە ، قزچە ياساتىل
دوروب قويغان ايمن ناملق بر بهادر يگت جاڭ كاجاڭنى دەر
حال قوچاغلاپ الب اولتورودو. آ ندىن كيىنچە بوروندىن حاضرلىنىپ قويول
غان 11 نفر ياش يگتلر جاڭ نىڭ 32 نفر عسكرينى باغلاپ اولتو
روب قورالىنى تارتيپ آلودو. شوندا ق قيلىپ سالح دورغا ، عبدنياز
مراب ، باقى نياز دورغا ، خواجە نياز حاجم ، قاسم پالوان ، يحيى
ايمام ، ابراهيم قرمال لەرنىڭ يتەكچىلىكيدە عصيان كوتورولدى.
بو اورتىدە سالح دورغا اشتراف آلماق اوچون كلگەن 3 نفر
عسكردىن 2 سينى اولتوروب ، برينى قويوب بيردى. چگارادىكى
ساقچى عسكرلرنىڭ باشلىغى عبدالله اوز قول آستيدا بولغان 77
دانە ملتقنى عصيانچىلەرگە تاپشوردى. عبدنياز مراب تيرەك
چگاراسيدا تورغان 30 نفر قالماق عسكرينى قورالسزلاندوروب ،
تومنى اشغال قيلدى. اوزون اوتمەي قمولنىڭ هر بر تاغيدىكى خلق
لر آرقيمو ـــ آرقا بو عصيانچىلارغا قوشولدى. بو عصياننى باسور
ماق اوچون چققان جڭشورين عسكرلرى آرقيمو ـــ آرقا تار ـــ

جار بولوب، عصيانچيلارنڭ قوەتي بارعانسىرى زور ايلىي.بلر كول لديكى قــازاق قرداشلر هم قمول عصيانچيلاريــگە قوشــولوب كتلدى.


قورال كوچ اشليتب هيچ نرسه قيلالميغان جلڭ شورين هيله گرلك سياست اشليتب، «اگر عصيانچيلەر قوراللريني تاپشوروب بەرسە، اولارنڭ اوتكەن اشلريني سورروشتورمەيمز» دەب قمــول تاغيغا وەكيل چيقاردى. بونڭغا جوابەن خواجه نياز حاجم باشلق انقلابچيلەر: 1 ـــ قمول تابيعەسيگە حاكم بولوب كەلگەنلەر قايتب كەتسون، واكلق توزوەيمز قايتادن تكلەنسون، 2نچى قمولدا تورغان حكومت عسكرلرى قايتب كەتسون، آندن قورال تاپشورومز دي- گەن شرطنى قويدى. صحبتدن نەتيجە چقماى يانا سو قو شو باشلاندى.

جلڭشورين آقسو واليسى جونى قوماندان قيلب كوب عسكر ايله قمولغا ماڭدوردى. جو قمولغا كيلب، «سيلرنڭ 2تورلوك شرط سوزلرنى قبول قيليمز، قورال تاپشورسا گزلر» دەب يانا تاغقا وەكيل چيقاردى. تاغلقلر، بوچققان وەكيللەرنى، «قوراليمزنڭ برقسمي- نى 5يلدن صوڭ، قالغان برقسمينى 10يلدن صوڭ تاپشورومز» دەب قايتوردو. آخرى يانا سوقوش باشلينب جونڭ عسكرلرى تار ـــ مار بولودور. بو اورتەدە بارتول طرەفدن كيلب آتقان املڭدن آر توق جلڭشورين عسكرى هلاك بولوب، قوراللرى عصيانچيلەرقو يغا توشتى. جڭشورين نڭ 2نچى بريكى قوەتي كيلب قالشدن بورون قمول شهريني اشغال قيلماق اوچون خواجه نياز حاجم دە- لاب واڭ مــازارى اچيگــە كيــريب الــب كهنەشهر گەهجوم باشلادى.

مانا شوواقتدا گانسودا ماجوفاڭ ايله ماجولڭيى اورتــاسيدا سوقوش چقب، ماجولڭيى مغلوب بولوب تورغان ايدى. مانابوغا جولڭيى مسلمان دين قريندا شلق واسطەسى ايله ياردەم بەرمەك اوچون قمولغا چقب خواجه نياز حاجم ايله برلكدە قمول شهر گە هجوم قيلدى. حكومت طرەفدن خەتوەن جاڭ تسلم بولدى. جوسى جاڭ موحاصره ايچيدە قالدى.

3نچى قيتم جاڭشورين طرەفدن باش قوماندان (زوڭزى خوى) بولوب كەلگەن ليوتوڭ بەى اوز عسكرلرى ايلە 7قودوق دە ديگەن جە پدا تار -مار بولدى. 4نچى قيتم جاڭشورين طرەفدن ماشدو رولغان اوروس، قالماق آرىلاش عسكرلر قمولنڭ ليودوڭ ديگەن جايغا ييتب كەلگەنلە بوندىكى يەرلك تونگانلار قوزغولوب بولرغە قارشى سو قوش باشلايدو. بوقيتم عصيانچيلر يىڭياب چيكينيدو.

بو اورتەدە غەنيمت توشكەن قورال وە نرسيلر تقسيم قيلش منصب مسئلەسيدە خواجە نياز حاجم ايلە ماجوڭى اورتاسيدا آز وتولا كيلشالماسلق پيدا بولودور. بو سببدن ماجوڭى سو جوغاقايتب كيتب، انقلاب اوستيدە خواجە نياز حاجم، يولبەرس بەك قاليدو. 5نچى قيتم باش قوماندان جاڭفي يودن، باش مصلحتچى شڭشى سەينڭ قول آستندا نورغون اوروس، قالماق، خەنسو عسكرلرى قمولغا كەلدى. بو كەلگەن عسكرلر قورال وە سان جهتدن



ماجوڭى

اوستون بولغانلقدن انقلابچيلار مغلوب بولوب تاغ آراسيغا چيكينب ايلب، يەمەك — اچمەك طرەفدن كوب قيينالدى. جاڭفي يوەن قمول شهريدە واڭ اوردەسىغا اوت قويوب واڭنڭ توپليغان نورغون آلتون — كموشلرينى بولاب آلدى.

بو واقتدا تاشقى ماڭغوليەنى يارديم بيريدغانليقيني بيلدوروب 7كشيلك برهيئت قمول تاغيغا كەلدى. بو تاشقى ماڭغوليەدن كەلگەن آدملەر جاڭسين دورغا، (موڭغول)، آباى (قازاق)، نياز (اويغور)، قاسم (قازاق)، اسماعيل (اويغور) ظهورالدن (اويغور) دن عبارەت بولوب بولەر انقلابچيلارغا «سزلرنڭ انقلاب قيلغانيڭز لەرنى آڭلاب، بزسزلرگە قوشنا بولغان اوچون سزلەردن حال احوال سورىماقا وە ياردەم بەرمەككە چقدوق. بزمو اولدم ايزيلگەن ايلوق، شورالر حكومتينڭ ياردىمى ايلە بزهم «آزا» دبول —

ملوق، سزلرگه ياردميمزنى آيامايمز» دەب 5يوز قــور عسكرى كيىم، 70دانه مىلتق، 40.000 سرپول، كوب اوق دورا سوغات تقديم قيليلدو. قمول انقلابچيلرى تاشقى موڭغوليەنڭ احوالينى بيلــگەنلكدن چەتكە سويونمەى اوز كوچى بلەن انقلاب قيلماقنى لايىق كوروب كورونوشلەھە!.. دەب قويىمىمو، مضموندا تاشقى موڭغولنڭ كورسەتكەن پلانينى قبول قيلمايدو. شونلقدن تاشقى موڭغوليەياردەم بيريشدن اوميد اوزودو.

بو اورتەدە جڭشورين نڭ بتون عسكرى كوچى قمولغا توپــلونوب، سوقوشقا زەرەھلى آفتوماشينا، ايغرتوب، حتى آيروپلاتـلارقا تناشيلدو. قمول انقلابچيلرى بلەن ئلڭشى سەى اورتاسندا ئنچەقيتم قاتتق سوقوش بولودو. قمول خلقى اوزلرينڭ آزليغى، قوراليىنڭ زەعيفليكى، اقتصاد كوچينڭ يوقليقيغا قاريماسدن روحينى توبەن توشورمەى هربر قيتم سوقوشدا دوشمەن طرفنى تار - مار كەلتوروتورودو. بوواقتدا ماجوڭيى طرەفدن ماخى يڭ آتلق برتونگان برقانچە تونگان عسكرينى باشلاب قمولغا چقيدو. ئلڭشى سەى بوواقتدا ماجوڭيى چيقب قالغان اوخشايدو دەب خەوفگەتوشودو.

## توريان قوزغولوش

قمول انقلابى بوحالغا يەتكەندە، جڭشورين هيچ بر علاج قيلالماى زورخەوف آستيدا قالدى. قمول انقيلابيغا نصرەت تيلەب ئەيتيلغان «آچيل» ناخشاسى بتون يورتقا تارالدى. هربــرشهردە موڭيالى آدامەر تورلى تشويق يولى ايلە خلقنى انقلاب قيلماققا وە قمول انقلابيغا ياردم بەرمەككە چاقردى. حتى جڭشورين قمول انقلابى حقيدە چققان ناخشاوە تشويقلەرنڭ كيڭەيىب بارغانيدن چوچوب، «كمدە كم آچيل ناخشاسينى ئەيتسا، قمول توپولاڭى توغرولوق سوزقيلسا، اولوم جازاسى بيريمەن» ديگەن بويروقلەرنى هم چقاردى.

بتون يورت بوحالدا تورغاندا، ماشىمن ناملق برتونگان (ماجوڭيى نڭ آديمى)، تمور بوتوڭ ديگەن براويغور، خواجەنياز حاجمغا: «بوانقلابنى يالغوز قمولديلا چەكلەب قويماى توريان، ...نى شهر طرەفلريگە قدر كڭەيتيلى، قمولنى تاشلاپ توريانغا

يوتكەلسەك نچوك» ديگەن تكليفنى بېريلدو. بونڭغا خواجەنياز حاجم «قمولنى يالغوز قالدوروب توربانغا اوتسەك ياخشى نەتيجە بەرمەس، اووەل قمولنى قولغا الب آندن توربانغا اوتسەك» دەب جواب بېريلدو. بواورقادا ماشىمين، تمور بوتوڭلەر اوزفكرينى قوەتلەب، خواجە نياز حاجمنڭ نارازيلقيغا قاريماي توربانغاآتلانيلدو. حاجم آلدينى توسايلدو. بولار قارشيلق قيلب اوق آتيلدو. شوندا قيلب ماشىمن، تمور بوتوڭلەر 30نچە تونگان عسكرنى باشلاب پيچانغا كيلب، يالغانلدن «بزنى خواجە نياز حاجى، سزلرنى قوتقازماق اوچون مونلدا چيقاردى. امدى قوزغالمامسيلر» دەب پيچان خلقى غە تشويق قيليلدو. بوسوزنى آڭلاغان همان پيچان خلقى قوزغولوب، ماشىمن ايلە برلكدە پيچاننى هجوم قيلب قولغا آليلدو. بو ائنادا قمول ايلە پيچان اورتاسيدا تورغان بربولوم اوروس عسكرلرى پيچانغا كيلب قاليپ پيچان قوز غولاڭچىلريغا هجوم باشلايدو. بوسوقوشدا تمور بوتوك اولوب، ماشىمن 30نچە تونگان عسكرينى الب شهرنى بوشوتوب بېريب لوكچونگە كيتيلدو. جلڭشوربن عسكرلرى پيچاننى الب خلقنى اولتوروب، مال - ملكينى بولاڭ تالاڭ قيلب، اوى - عيمارەتلرگە اوت قويودو.

1932 نچى يىلى 12 نچى آينڭ 2 نچى كونى توربان حاكمى پيچاندا بولغان واقعەنى آڭلاب، آستانە، سينگم، مورتوق، ياڭخى قتارلق يېزالارنڭ علما، سوداگر، دهقان كاتتالرينى توربانغا چاقرتيب كيلب اولارغا: «توربانلدن برمڭ دادەن قونلق آلماقچى اوروم چيلدن تيلغرام كەلدى. بونى بەرمەي بولمايدو، حاضر قمول خلقى اخمقلق قيلب تنچسزلق چيقاريب توراپدو، اوندەرنڭ حكومتكە كوچى يەتمەيدو، آزكوندە بوقوزغولاڭ باسيلب كيتيدو، يەنابو يەرديكى خلق هم حماقتلق قليب هرخيل خيالغا توشمەسون، سيلر قمول خلقيغە يېقن خلقغە نصحت قيلب يورتنى تنچ توتوڭلەر» ديگەن سوزلرنى قيلب قايتورودو. يەنا 12نچى آينڭ 28 نچى كونى توربانلدا تورغان عسكر باشليغى وە حاكم ايكيسى محمودمحيطى امين آخون بايلرنى چاقرتيب اونلەردن: «قمول طرەفلدن برقانچا اوغريلەر پيچانغا كەلدى ديگەن خبربار، آڭلاديڭلەرمو، اولارقانچەلك آدام ايكەن؟» دەپ سوراپ بولوب آخردا نصحت اورنيدا

«اوغورلارنىڭ چارەسىنى حكومت قىلادور، خلقنى نصحت قىلىڭلەر،
اوغورلارغا قوشولموسون، حكومتنىڭ قوەت كىرىپ تەڭ بولالمايدو»
دىگەن سوزلارنى قىلىپ قايتوردو.

قمولدا جىڭشورىننىڭ حاكمىيتىگە قارشى انقلاب قوزغالغان كون لەن اعتبارەن توزپاننىڭ وطن پروەر ملتچىلرىدىن محمود محيطى، حمدولله اعلم آخونوم، يوصول حاجم، مقصود آخون، عبدالاحد ملام نعيـ مى، قربان سعيدى، باي عزيزى، طاهر بەگ، عبدالقادر داملام، لوكـ چوندوك ابوطيب، نياز آخون، حسام الدين، تمور جسا، پولات آخو نوملار توزپاندا انقلاب باشلاپ، قمول انقلابىغا ياردەم بەرمەك او چون مخفى مصلحت اوتكوزوپ فرصت كوتوپ ياتقان ايدى. وە خلقنى انقلابقا دعوەت قلغان تورلى تشويق وەرەقەلرى حاضرلاپ ايلى، قەشقەر، كورلا قتارلق جايلەرغە تاراتقان.

بىچاندىن چىكىنىپ لوكچونگە كەلگەن ماشىمىن 2نچى آي نىڭ 29نچى كونى خواجەنياز حاجم نامىدىن محمود محيطىغا برپارچە خط يازىدو؛ خطدە: «امين باي، محمود باي، ابراهيم دورغالارغا معلوم بولسونكى؛ بىزلر نورغون عسكر ايلە چىقتىم دىگەن جايغا كەلـ دوق. سىزلرمو حاضرلق كوروڭلر» دەپ يازىدو. بو خطنى آڭلا غان آستانە خلقى راس خواجە نياز حاجم كەلگەن اوخشايدو دەپ خوش بولوپ تزرەك قوزغولىشقا حريكت قىلىدو.

محمود محيطى لوكچونگە كىتىپ قالغاندا، آستانەياشلرى آستانە دە قوزغولاڭنى باشلاپ شويەرلك سوداگر برنچەخەنسونى يوقوتوپ اولارنىڭ مال - ملكىنى بولايدو. ياڭخى كارىزىدا ابراهيم دورغا يىتەكچىلىكىدە قوزغولاڭ كوتورولودو. بو واقعەلر بولغاندىن صوڭ محمود محيطى، امين بايلر لوكچوندىن آستانەغە قايتىپ كىلىپ بوندا ياشلرنىڭ واقتسز اش باشلاپ قويغانىغا ابچىنىپ آخرى انقلابنى قىلماق قاقرار قىلىدو.

بو اورتەدە جىڭشورىننىڭ 300گە قدر عسكرى آستانەغە كىرىپ احوالنى كوروپ، سرتدىن آستانەغە سوقوش آچماق اوچون قارا خواجە طرەفكە اوتكەندە، آرقادن آستانە، قارا خواجە خلقى قوز غولوپ برنچە تال ملتق ايلە بو عسكرلرگە هجوم باشلايدو. بو عسكرلر قاچىپ آستانە، قاراخواجە كوچالرىدا تار - مار بولوپ قوراللرىدىن آيرىلىدو. شو كون آخشامى ماشىمىن لوكچوندىن

آستانەغە كېلىپ توشتو. بولەر بوجايدا تورپانغا هجوم قىلىش
قاقرار قىلىشىپتو. ئەرلەسى قاراخواجە، آستانە، مورتوق، پاشخى،
لوكچون، لەمجىندىن توپلانوپ 3·200 آتلىق فىدائىلەر حاضىر بولو
دو. بو فىدائىلەر نماز خفتەن واقتىدا كېچە آپادقا يېتىپ كەلگەن
لەە، بولارغا تورپاندىن خەبەر الىپ چىققان عبداللەحسن حاجى، حسام ال
لدين آخونلەر اوچ
راپ، تورپانغا
يېتىپ كەلگەن مو
صول حاجىمنىڭ:
«مېن دن بىر كون
ايلگرى جاكشورتى
نىڭ 200 عسكـ
رى تورپانغا يو
روپ كەتدى بولر
تورپاندا تورغان
عسكرلر گە قو
شولوپ آلمىسون
كىنىدىك نزيدىغىچە
باريپ 1200 عسكر
نىڭ قوراليني قول
غا چوشور



رىنى ئەيتىدى.
بوخبرنى آڭلاپ
محمود محيطى ما
شى مەن لەر بو
1200 عسكرنىڭ
آلدىنى توسماق
بولوچون فىدائىلەر
نى باشلاپ يا
دىگەن جايغا ير
تىب بارغاندا،
گوچوك طرەفدىن
كەلگەن برايشە
كچى، «حاضر
حكومتنىڭ 500
ادەم عسكرى
شافتوالوق دې

مككە حركت قىل تورپان انقلابىنىڭ يېتەكچىلىرىدىن اولتورغانى گەن جايغا يېتىپ
سيون» دىگەن سوز موصول حاجم، اوره تورغانى محمود محيطى كىلدى»دې يگەن
نى آڭلاتيدو. ايمين باى، ابراهيم دورغالر 500 نفر فىدائىلەرنى
باشلاپ گوچوك يولىغا قاراپ ماڭيدو. اوروەمچى يولىغا قاراپ بولون
گەن فىدائىلەر كىندىك دېگەن جايغا يېتىپ بارغونچە آلدىغا 1200 عسكر
اوچرىمايدى. گوچوك يولىغا بولونگەن فىدائىلەر 500 حكومت عسكرينى
ۋساپ سوقوش باشلايدى. فىدائىلەر چېكىنىش حالىغايە تكەندە «بو
طرەفنىڭ احوالى اغر، فىدائىلەرنىڭ هەممەسى بو ياققا كەلسون»
دەپ اوروەمچى يولىغا كەتكەنلەرگە خبر بېريدو. محيطى كىندىك

طەرەپتىن يېڭى قىيادىلەرنى الىپ كوچوك يولىغا كېلىپ بونىدا سوقوشوپ

اتقان قىيادىلەرگە يارده‌م بېرىلتو. آخرى تاڭ كېلالماي قىيادىلەر توررپاندىكى حسام الدىن دىن قورال آلماق اوچون تورپانغا قايتىپ كېلىشىدو.

بو وا قىتتا يېڭى شەھەرگە تويوز قىسىز گىرىپ قالغان بىرماشىناغا ھجوم قىلىپ، 13 تال ملتىقنى قولغا الوشو

روىدو. يېڭى شەھەرگە قىيادىلەر كىرىپ آلغاندا، اورومچى طەرەف دىن كېلىپ قالغان 1201 عسكر يېڭى شەھەرنى اطرافىدىن قورشاپ، شەھەرگە قاراتىپ اوق آتىلور. بىرىنچى آينىڭ 6 نچى كونى ماشىنەدىن

تورپاننى تاشلاپ قاچماققا قرار قىلغاندا، حمىدالله اعلم آخون،

«امەدى اشنى باشلاپ قويوپ، تورپان خلقىنى اولومگە تاشلاپ بىزەگە بارىمىز، بىزغو قاچىپ قوتولار ايكەنمىز، بوفقرالەر نەگە قاچسون، بىز قاچماق، خلقنى بو كەتكەن عسكرلەرقتل عام قىلماملو، نىمە كورسەتمەك كوردوق، ھەمە مسلمان بىرگە قارشى تورماق لازىم» دەپ

خلقنى بىرلشتوروپ حكومەت عسكرىگە ھجوم باشلايدو. يىرىم ساعت كە قالمىغان سوقوشدا 100 دىن عسكردىن 2 يوزى اولوپ قالغانى قاچىدو. قىيادىلەر بو عسكرلەرنى يارغول دېگەن جايغا قەدەر قوغلاپ

بارىدو. 1200 عسكردىن اولوپ آران 18 دانەسى ئامان قىلىپ داوان

چېكىگە قاچىپ بېرىپ ئالىدو. بو سوقوشدا حكومەت عسكرى طەرەف دىن قولغا توشكەن نورغون حربى قورال حسابىغا قىيادىلەر كوچەيتىلوپ آلودو.

تورپان يېڭى شەھەرنى قولغا آلغان قىيادىلەر كونە شەھەرگە سوقولوپ آلغان حكومەت عسكرىنىڭ باشلىغى مالوي جاڭغا «قورالنى تاپشور! بولمىسا جانىڭنى يەيسەن!» دەپ وەكىل كىر گوزىدو. مالوي جاڭ بولارغا: «بىز قورالنى اورومچىدىن آلغان. اورومچىنى سوقوشوپ ئالغانلەردىن صوڭ ئاندىن قورالنى تاپشوروەمىز، شونىڭ اوچون ئالدى بىلەن اورومچىنى الىڭلار» دەپ جواب قايتورودو. ئاخرى كونە شەھەرگە ھجوم باشلانىپ، مەشھورلك باقىنىڭ اوغلى عبدالله لەر طەرەفىدىن شەھەر دەربازەسىگە اوت قويولودو. بو ئاندا، مالوي جاڭ «ھجومنى توختاتسون، قورالنى تاپشوروەمىز» دەپ خبر بېرىلدو. سوقوش توختاپ بىرىنچى ئاينىڭ 8 نچى كونى «قىيادىلەر كونە شەھەرگە كىرمىسىلك، مالوي جاڭ قورالنى تاپشوروش» دېگەن توختام بويىچە ما

لوڭجاڭ طەرەپتىن 2 چوڭ توپ، 8 دانە چارخلىق پوليموت، اوق — دوراسى ايلە 200 دانە ملتىق فيدائيلەرگە تاپشورولودى.
توشقان بولاق ديگەن جايغا 4 دانە ئافتوموبيل ايلە كيلىپ قالغان 40 نفر حكومت عسكرىنى قولغا توشورمەككە حاضرلينىپ تورغاندا، ئاستانەدە تورغان مقصود ئاخوندىن: «لوكچوڭگە 600 اوروس عسكرى كيلىپ قالدى، تزدىن كيلىڭلەر» ديگەن خبر توروپاندىكى فيدائيلەرگە كيلىدۇ. بو خبرنى ئاڭلىغان محمود محيطى دەرحال فيدائيلەرنى باشلاپ توروپاندىن ئاستانەگە كيلىپ، ئاستانەدە اوروسلەر بىلەن سوقوش باشلايدو. اوروسلەر بر طەرەپتىن سوقوشوپ بر طەرەپتىن چيكينىپ قاراخواجەنىڭ بادامليق ديگەن جايىغا كيلىپ موصول بايىنىڭ داوودىغا كيريپ ئاليدو. فيدائيلەر بولەرنى قورشاپ ئالغاندا، برنچى ئاينىڭ 11 نچى كونى اوروسلەردىن 2 ئادام ئەلچى بولوپ فيدائيلەر قاشيغا كيلىپ: «بز قورال تاپشورومز، چيتكيمز شونتوەنجاڭدىن بويروق ئالماق اوچون بزدىن ايكى ئادام توروپانغا بارسا» دەپ سورايدى. بو واقتدا مقصود ئاخون فيدائيلەرگە، «بو اوروسلەرنى قسمايلى، بولارغا كەچچىلىك قيلساق، كيين بولاردىن فايدالينشقا بولودو. طلبىنى قبول كورسەك » دەيدو. بو فكر قبول كورولوپ بو ايكى نفر ئادام توروپانغا شونتوەنجاڭ قاشيغا كيليدو. بو شونتوەنجاڭ بولسا، باياقى توشقان بولاقتا كيلىپ قالغان 4 دانە ماشينا ايلە قولغا توشوپ توروپان كونەشەرگە قامالغان ايدى. شونتوەنجاڭ بو ايكى نفر اوروسقا كيشيلەرنىڭ ئالديدا قوراللەرنى تاپشوروپ بيريڭلار دەپ، مخفى سورەتتە اولارغا «بو اوغريلەرنىڭ ئارقى يوق ايكەن، مومكين قدەر قوراللرنى توپشورماڭلار» دەپ قويودو.
بو نفر اوروس اوزلرى تورغان جايغا كيلىپ، مىنالمدى قورال تاپشورومز دەپ توروپ تاڭ ئاتار واقتيدا محاصيرە ايچيدىن قاچىپ چيقىپ پيچانغا قاچيپ كيتيدو. فيدائيلەر بو اوق دوراسى قالمىغان اوروسلرنى بى غەملىك قيلىپ قاچوروپ قويغانيغا پوشايمان يەپ ئارقاسىدىن پيچانغا باريدو. پيچاندا 20 نچە كون قاتتىق سوقوش داوام قيليدو.
مانا بو كونلەردە توروپاننى انقلابچيلەر قولغا ئاليدو وديگەن

خەر اوروەچىگە يىتىپ چقدى. بونلقدن اوروەچىدە كەچ گۈزەنە
دن شور دەربازەسىنى تاقاپ الش، گوچادا ئادام ماڭنىو ماسلق ىش
لرى پيدا بولدى. جلڭ شورين اوروەچى گوچالرىغا: «كمدە كمفتە
نە اغوا تاراتسا، اولوم جزاسى بيريمن!» دەب بويرۇقلەر چاپلاتـ
دى وە اوروەچينى مدافعة قلماق ئوچون قمولدا تورغان باش قو
ماندان (زوڭ زى خوى) شڭشى سەى نى اوروەچىگە چاقردى.

مەنابو اوروەچىگە قاراپ قايتىپ كيليواتقان شڭشى سەى عسـ
كرى پيچانىدا بولوب تورغان سوقوش اوستىگە توسوقسزدن
كيلب قالدى. بوسوقوشقا شڭشى سەى نڭ زەرەملى ئافتوموبيل،
زورتوپ، ئايروپلان ايلە كلگەن 4000 دن ئارتوق عسكرى قاتناشـ
دى. شڭشى سەى طرەفنڭ قورال وەعسكر جهتدن اوستونلىـ
گىنى نظردە توتقان فيدائيلەرچيكنە، كە مجبور بولوب، برطرەفـ
دن سوقوشوب، برطرەفدن چيكينىب تورپانغا كيلب ئالدى. شڭشى
سەى نڭ عسكرى هم لەمجين، لوكچونلەرنى دەسسەب او توپ
تورپانغا ييقينلاپ قالدى. فيدائيلەر تورپاندا مدافعە قيلب تـو
روشقا كوچى يەتميدى. ماشىمن تورپاندىكى بتون حربى قورال
نى الب توقسونغا قاراپ يوروب كەتدى. محمود محيطى هم توقـ
سونغا قاراپ يولغا چقدى. بولەرنڭ ئارقاسيدن سوروب كيليواتـ
قان شڭشى سەى عسكرلرى توقسونغا كيلب قالغاندا، بوا ئادە مح
مود محيطى، موصول حاجم، طاهربەگ، باى عزيزى، يوسف بەگ
سعيدى، امين حاجى داملام، نعمت خلافت، مقصوم ئاخونلر برلكدە فيدائيلر
نى باشلاپ قاراشەرگە كيلب ئالدى. محمود محيطى خوتون سومـ
بولغا چيقب تورغاندا، حمدالله اعلم ئاخونوم، امين آخونلەريار
دەمگە خواجە نيازحاجمنى باشلاپ چقماق بولوب قمولغا يوروب كتدى.

شڭشى سەى پيچان، لوكچون، ئاستانە، توقسون، تورپان قتارلق
جايلردە «سەنلەر اوغريلرگە ياردەم بەرگەنسيلەر» دەب كوب ئادا م
نى اولتوردى، پول - مالينى بولاڭ - تالاڭ قيلدى، اوى-عمارەتـ
لرگە اوت قويدى.

محمود محيطى 3نچى ئاينڭ 8نچى كونى تورپانغا فيدائيلر
دن برقسمينى ەگلەوروب، كوموش دىگەن جايغا ييتب كلگەندە، لوكـ
چون طرەفدن برئادام كيلب: «بزلر حمدالله اعلم ئاخونوم ايلە

قمولغا بارغان ايلوق،خواجه نيازحاجم قمولدن چيقب، بزني خاتولدن سزگه ايبەردى» ديگەن خبرلري 8تلوغ قيلدى. محمودمحيطي14نچي كوني توقسونغا كيلب شڭشي سەي عسكري ايلە3كون سوقوشدو.

خواجه نياز حاجم قمولدن چقب، لوكچونگه يتب كەلگەندە، يندكي ئادملريگه: «بز شهرگه كيرمەيلى، اگر شڭشي سەي عسكري كيلب قالسا، بزنڭ شهرگه كيريب قالغانليقمزني بوانەقلب احتمال كوب ئادامني ئولتوروب تاشلار» ديگەن فكرني بريدو. ئاخري خواجەلرنڭ تكليفي ايلەلوكچون شهريگه كيرمەسككه مجبور بولودو. توي‌بوقسزدن لوكچونني شڭشي سەي عسكري قورشاب ئالغاندا، خواجه نيازحاجم قارشي سوقوشني داوام قيلدوروب يكب چقب بشيغا كوزي يەتمەي شهردن سورولوب چيقب كتمەككه مجبور بولودو. بوا يكي اورتادا باشلانغان سوقوشدا تورپان انقلابيدا بيوك خزمت كورسەتكەن حمدالله اعلم ئاخونوم مقصود ئاخونلر شهيد بولودو. خواجه نياز حاجم توي‌بوق ديگەن جايغا چيقب ئاليدو.

17 ــ كوني شڭشي سەي عسكرلري توقسوندا 5 ــ 6يــوز بي گناه آدملرني اولتوروب، اوي ــ عمارەتلرگه اوت قويوب اوروم چيگه يوروب كيتيدو.

بو واقتدا قاراشهرده تورغان ماشي‌مين بوندا بولووا تقان سوقوشلاردا اوزينڭ عاجزليقيني سيزيب، ماجوڭيي‌ني يارده‌مگه چاقيريب كەلتورمەك اوچون موصول حاجم، طاهربەگ، نياز تونگانلارني قاراشهردن لانجوغا ماڭدوروودو. بو كشيلر دوخوانڭ يولي ايلە ئەنشي ديگەن جايغا ييتب بارغاندا، آلديغا يولبارس بەگ اوچرايدو. بوندا يولبارس بەگ تونگانلارني ياردەم اوچون شرقي توركستانغا الپ چقماقغا حاضرلق قيلب تورغان ايكەن. يولبارس بەگ، موصول حاجيلر بولوب، ماجوڭيي‌ني 2 نچي‌نوبت ياردەمگه تكليف قيلدى. ماجوڭيي قبول كوروب چقماق بولوب تورغاندا، بوخبرني ايشتكەن محمود محيطي، آكاسي موصول حاجيغا: «ماجوڭيي‌ني بويافقا چيقارماسقا حركت قيلڭ» دەب مكتوب يازيب سوجوغا مخصوص آدەم ماڭدورودو. اما بانه

لدا يارده‌مگه ئۈگلىق قىلىپ، كېيىن ئەمەلى بولمىي چىقماق دەپ ئويلەيتىشقا يۈزى چىدامىغان موصول حاجىم، ماجوڭيىڭنى باشلاپ شرقى توركستاندىن الىپ چىقىدو.

بو كونلەردە محمود محيطى قىلادىغانلەرنى باشلاپ، توقسون، تورپان، پىچان، لوكچوننى بوشوتوب اورومچىگە قاراپ سورولگەن شېڭشى‌سەي عسكرلرىنى باپانخو دېگەن جايدا توشاپ سوقوشودو. بو سوقوشدىن قايتىپ برنچى نوبت خواجە‌نياز حاجىم ايلە تورپاندا كوروشودو. بو ملى انقلاب يېتەكچىلرى انقلابى حركتنى موندىن صوڭ قايسى اوصولدا الىپ بارىش خصوصىدا صحبت‌اوتكوزوب تورپاندا حكومت قوەتى قالمىغانلىقدىن انقلابى سوقوش صفىنى كوچوك طرەفكە يوتكەشكە قرار قىلىشىدو. بو قرار بويچە قىلادىغانلار كوچوك مەيرىغا قاراپ سوزىلىدو.

# اورومچىگە برنچى هجوم

«اورومچى زور خوف آستىدا قالدى. بر هجوم بلەنلا باسىب آلماقتا ممكىن» دەپ ايشەنگەن ماشى‌مىن برنچى آينىڭ 9 نچى كونى عسكرىنى باشلاپ اورومچى شەرىگە 40 يول‌جى‌جى ساوزا دېگەن جايغا كېلىپ توشىدو. «ماشى‌مىن اورومچىگە هجوم قىلارمىش» دېگەن خبر آڭلانىش هامان اورومچى شەرى حربى حالت ايچىگە كىرىپ، شەر ايچىدىكى تونگان، تۈركلەرنىڭ شەرتاشىغا، شەر تاشىدىكى خەنسولەرنىڭ شەر ايچىگە كوچوش ايشلرى جىددىلىشىدو. جىڭشورىن كوچوشىدىكى حكومت عسكرلرىگە اورومچىگە قايتىشقا امر بېرىلدى. 2نچى آينىڭ 20نچى كونىگە كەلگەندە، ماشى‌مىننىڭ عسكرلرى اورومچى چوڭ كوبروك محللەسىگە باسىب كىردى. اورتادا قاتتىق سوقوش باشلاندى. آز كون اوتمەي اورومچى شەرىنىڭ اطرافىدىكى تاغلەر، موهىم اورونلەر ماشى‌مىن طرەفدىن اشغال قىلىندى. شەر ايچىگە قاراتىب زەمبرەك، پولەموتلەر آتىلدى. جىڭشورىن عسكرى شەر ايچىدىن چىقالماي، سوقوشلەر برنچە كون داوام قىلىپ تورغاندا، بو سوقوش اوستىگە تورپان، توقسوندىن سورولوب كېلىواتقان شېڭشى‌سەي عسكرى كېلىپ قالدى. بونىڭ اوستىگە شرقى‌شمال (مانجوريە) دىن سەويت‌توپراغى



**Yakup Han Bedevlet: 1864 yılında kurulan Doğu Türkistanda kurulan İslâm Devletinin Reisi**

**Yakup Han Bedevlet. Head of the Islamic State of Eastern Turkistan, founded in 1864.**

يعقوب خان بَدَوْلتْ رئيس الدولة الاسلامية التى اقيمت فى تركستان الشرقية عام ١٨٦٤ .

ن ، امدى بولدى چقماق دەپ ئەيتش
ماجم ، ماجوكدى نى باشلاپ شرقى

قيدائلەرنى باشلاپ ، توقسون ، تور
وب اوروم چيگه قاراب سورولگەن
ى ديگەن جايدا توشاپ سوقوشو
ى نوبت خواجەنياز حاجم ايلەتور
ب يېتەكچيلرى انقلابى حركتنى
البى بارىش خصوصىدا صحبت اوت-
تى قالميغانلقدن انقلابى سوقوش
كەشكە قرار قيليشيدو. بوقرار بو
غا قاراب سورولودو.

## برنچى هجوم

لدا قالدى. برهجوم بلەنلا باسيپ
ماشىمىن برنچى آينك 29 نچى
چى شهريگه 40 يول جيجى ساوزا
ماشىمىن اوروم چيگه هجوم قيلار
ان اوروم چى شهرى حربى حالت
تونگان ، تورکلەرنك شهرتاشى
ك شهر ايچيگه كوچوش اشلرى
ئيدەكى حكومت عسكرلريگه اوروم
20 نچى كونى گه يەتكه
وك كوبروك محللەسيدە
باشلاندى . آزكون اوت
غلەر ، موهيم اوروندەر ما
چيگه قاراتيــب زەمبرەك ،
شهر ايچيدن چيقالمــاى
باندا ، بوسوقوش اوشتي-
قان شلكشى سەى عسكرى كى
جوريه )دن سەويت توپراغى



(Hoca Hacı Niyaz) : 1933 yılında kurulan Müstakil Doğu Türkistan Cumhuriyetinin reisi. 1941 yılında Ruslar tarafından şehit edildi.

Hacı Hoca Niyaz : Head of the independent Republic of Eastern Turkistan, founded in 1933. He was martyred by Russion Communists in 1941



Uighuristan Republic 1933-34



داقالى چوچەككە اوتكەن مانجورييەلى خوشخوزا ناملىق عسكرلەر
وروەچى شەهريگە كيلىپ قاليدى. بونىڭ نتيجەسيدە جەڭشورينىڭ
قوەتى كوچلونوپ اونىڭ عسكريگە جان كيريپ، شهردىن سرتقا
هجومغا چيقيدو. اوروس عسكرلرينىڭ اشتراكى ايلە بولغان هجومە
ليا ماشى‌مىن مغلوب بولوب چيكينيدو. جەڭشورين طرەفيدىن چوڭ
كوبروك تونگان، توركلەرنىڭ اويلريگە اوت قويولوب، چوڭ كو
روكلەدە 2 مىڭچە آدام اولتورولدو.

# قاراشهر، توقسوندا قوزغولوش

قمولدا انقلاب داوام قيلىب تورغان كونلردە توقسون خلقى
هم تورپان خلقى ايلە برگە فرصت كوتوب ياتقان ايدى. تور
پاندا محمودمحيطى، حمدوالله اعلم آخونوملر طرەفيدىن تورپان انقلابى
باشلانغان همان، احمدواڭ اوغلى توختى باشلىق توقسون خلقى
تزدەن قوزغولوب تورپان انقلابچيلريغا قوشولماق توغرو سيدا
مصلحت اوتكوزوپ، توختى آخون باشلىق ١٠ آدامنى اوندەكى
رەهبرلەردىن يول — يوروق سوراب كەلمەك اوچون وەكيل قيلىب
تورپانغا ايبەريدو. بو وەكيللەر تورپانغا كەلگەندە، تورپان انقلاب
چيلرى بولەرنىڭ فكرينى قبول كوروب توختى آخونغا توقسون
دا قوزغولاڭ كوتەرمەك وەظيفەسينى تاپشوروب تومن جاڭ(    )
لق منصب بيريدو. ماشى‌مين ياردەم اوچون مال سملك بر تونگانني
وشوب بيريدو. بولەر توقسونغا قايتيب بيريب، اوندەكى فد —
ائيلەرنى توپلاپ، توقسوندەكى حكومت عسكرلريگە هجوم باش
لاپ، توقسوننى اشغال قيلىب، قاراشهرگە هجوم باشلاماق اوچون
3 يوزگە قەدەر فيدائيلەر ايلە يولغا چيقيدو. بوفيدائيلەر كموش ديگەن
جايغا يتيب بارغاندا، عبدالله زونجاڭ، عبدالرحمان امام، كاما
ژا، شي‌وازا باشلىق (8) نفر آدام فيدائى بولوب بولارغا قوشولوب
كيتيدو. اوشاق تال ديگەن جايغا كيلىب توشوب، قاراشهر حاكيم
ادارەسيدەكى حافظ زونجاڭ ديگەن آدامگە: «يورتمزنى، خلقيمز
نى جڭ ديگەن ظالمنىڭ تمور تاپانيدىن قوتقوزوب آزاد قيلماق او
چون جانيمزنى فيدا قيلىب بوشرەفلك جەڭگە بەل باغلاپ يورتيـ
مزغە آياق باسيب كيلىب قالدوق. ديندا شيمز، قانداشيمز [illegible]

قىرغىز اوچون بو اولوغ خىزمىتىمىزگە ياردەم بەرمەي قاراپ تورال
ماس دەپ اوميد قىلماقتامىز. شونىڭ اوچون سىزدىن بو وجدانى يار
دەمنى كوتوپ قالدىق» دەپ مكتوب يازىدو. بونىڭغە جاوابەن حافىظا
آخون چىن كوڭلىدىن ياردەم بېرىلىدىغانلىقىنى معلوم قىلىدو. بو ۋا
قىتتا فىدائىلەر اچىپ، كىيىن كامازا باشلىق تونگانلەر قاراشھر تو
نگانلىرى ايلە مخفى علاقە باغلاپ، قاراشھر تونگانلىرىنى يار
دەمگە چاقىرىدو.

نتىجەدە قاراشھرنىڭ سرتىدىن وە اچىدىن هجوم باشلانىپ والى
ايلە حاكىم فىدائىلەر قولىغا تىرىك اسىر توشودو. قاراشھرنىڭ قول
غا اوتوشى ايلە فىدائىلەر قورال وە باشقا ماددى نرسەلەر طرەفىدىن
كوپ غنيمەتكە ايگە بولودو. تورپاندىن بولەرنىڭ بو كورسەتكەن
خزمتىگە مكافات اورنىدا توختى آخونغا ليوجاڭلىق (     ) حافىظ
آخونغا يىڭجاڭلىق (     ) منصب كېلىدو.

توختى آخونلەر قاراشھرنى ترتىپكە سالىپ بولوپ، مىڭدىن ار
توق فىدائىلەرنى اوبوشتورۇپ كورلىغا قاراپ يوروپ نزيل گە
كېلىپ، مونىدىكى بر بولوم حكومت عسكرينى تار — مار كەلـ
تۇروپ كورلىغا يېقىنلاپ كېلىپ، كورلىدا تورغان حكومت عسكرى
نىڭ باشلىغى جەن لوى جاڭغا: «اگر ياخشىلىقچە قوراللىرىڭنى تاپشوروپ
تسلىم بولساڭ، حاياتىڭغە وە عسكرىڭگە تەگمەيمز، اگر فكرىمزنى
قبول قىلماساڭ، توپاڭنى آسمانغا سوروىمز!» دەپ الچى كىرگو
زودو. بونى جەن لوى جاڭ قبول قىلمايدو. آريدا قاتتىق سوقوش
باشلانىپ، فىدائىلە جەن لوى جاڭ باشلىق جىڭ عسكرينى هلاك قىلىپ
كورلىنى اشغال قىلىدو.

انقلابچىلارنىڭ بو طرەفلەردە كوپ قورال غنيمت قولغا توشو
گەنىنى آڭلاپ ماشى مىڭ قاراشھرگە كېلىپ توختى آخوننى كور
لادن چاقرتىپ كەلتوروپ، بتون غنيمتلرنى تاپشوروپ الىپ، توخ-
تى آخونغا: «سەن تورپانغا شىڭشىسەي ايلە سوقوشماق اوچون
غار، كامازا كوچارنى اوزىڭ بارىپ آلسون» دەپ امر توشورودو.
بونىڭغا قارشى توختى آخون: «كوچارنى آلماقنى آكام تمورشاگو
غە تاپشوروڭ، كامازا آكامغا ياردەمچى صوفيتىلەدە بارسون» دېگەن
فكرنى كورسوتودو. بو فكرنى ناعلاج قبول كورگەن ماشى مىڭ

تمور شاشیونی توەن جالاق منصب ایله کوچارغا ماشلیرودو.

بوآریلقدا توختی آخون تورپان طرەفکه کیلیپ، قمولدن سو ژاوب کەلگەن شلکشیسەی عسکریگه اوچراب قالیدو. شلکشیسەی بوتوختی آخوننی توتوب الیپ، «عسکرلریك، قوراللریك قایسی جایدا، ئەیتیب بەرسەك سینی اولتورمەیمز» دەب قستاب سوژایدو. توختی ئاخون بونکغا قارشی: «بزنلڭ قورال قان برابریگه کەلگەن، یانا قان ایله چیقادو. بزنلڭ قورالیمز سەنلەرنك اوغریلەر دن یورتیمزنی آزاد قلماق اوچون لازمدور، ظالملەرنی یورتیمز دن قوغلاپ چیقارمای توروب قورال قولیمز دن توشمەیدو» دەب واقیراب جواب قایتورودو. شلکشیسەی بوقهریمانلق مونداق غضب ایلەقایتورغان جوابیغا قاراب بوندان برنتیجه چیقارالماس لیقیغا کوزی یەتیب توختی آخوننی قیلچ ایله چاپیب اولتورودی.

# کوچارغا هجوم

کوچارغا هجوم قیلماق اوچون بویروق تاپشوروب آلغان دن صولڭ تمور شاشیو اوزینك یقن دوستلری احمدخان، حامدخان، عبدالله خواجەلەرنی مصلحتکه چاقریب اول بوگورگه هجوم قیلب، اوندا فیدائیلەرنك سانینی آشوروب، قاراشهردن کیلیواتقان کامازا باشلق تونگان عسکرلری یەتیب کەلگەندە، اولەر ایله برگەلیشب کوچارغاهجوم قیلماققا قرار قیلیشیدو. تمورشاشیو چیدیرغا یەتیب کەلگەندە، کامازا یەتیب کیلیدو. چیدیردە علی آقساقال باشلق 30نفر مرگەن فیدائی بولوب بولەرغه قوشولودو یەڭی حصارغا یەتیب کەلگەندە، عبدالقادیر ملا، نعمت مراب، براق فهلوانلار باش بولغان حالدا 100 نفر مرگەن فیدائی بولوب قوشولودو. بولەر یەڭی حصارنی اشغال قیلغان کونلەرگه اول گورتوب خواجه نیاز حاجینك توقاتی نیاز خلفت رەهبرلیکیدە قوزغالغان بوگور خلقی بوگور شهرینی حکومت عسکرلریدن قارتیب آلغان ایدی. تمور شاشیو بوگورگه کیلب مصلحت قیلیشیب کوچارنی آلماق اوچون یولغا چیقیدو. 200دانه حکومت عسکری کوچار یەڭی شهرگه کیریب الب شهر دەربازیلرینی تاقاب آلیدو. کوچار خلقی دن حمدبەگ، احمدخان، حامدخان، عبدالله

خواجە، عبدالقادير، عبدالرسول حاجىلە وەكىل بولوپ فىدا
ئيلەرنىڭ ئالديغا كيليدۇ. بولەرنىڭ ئارقاسىدىن كوچار خلقى قىز
غولوپ آق بايراق كوتوروشوپ فيدائيلەرنى قارشى آلماق او
چون لنگرگە كيليدۇ. بولەر تمور شاگيو ايلە كوروشوپ ياقا
ديگەن جايدا مصلحت ئوتكوزوپ، كوچارديكى حكومت عسكرى
گە اوروشماسدىن قوراليني تاپشوروپ بەرمەكنى سوراپ وەكيل
اورنيدا عبدالقاديربەگ، نظام الدين افندى، محمد ايمن شاڭ —
زوگنى كوچار شەريگە كيرگوزودۇ. كوچار حاكيمى: «بزگە
3 كون مهلت بەرسون، 3 كوندىن صوڭ قورال تاپشورومز» ديگەن
جوابنى چيقاريدۇ. تمور شاگيو — بولەرنىڭ 3 كون مهلت بيريگە
لەر ديگەنيدە برگەپ بار، — دەپ كوچارغە تزدن هجوم قلماقنى
لايىق كوروپ تيلغرام سملرينى اوزمەككە امر بيريدۇ. جمعەكو
نى ساعت 8:0 كوچارغا هجوم باشلايدۇ. حكومت عسكرى آراسى
دا بولغان تورك عسكرلرى انقلابچيلارغا قارشى اوق آتماقاوچ-
دانى كوتەرمەي شهر سيپللريدىن سەكريشب توشوب فيدائيلرغە
قوشولوب آليدۇ. انقلابچيلر سيپلدىن آرتيلب توشوب شهردەربازە-
سينى آچيدۇ. بو اثنادا حكومت عسكرلرى قورقوشوپ بتون اوق
دورالەرنى برجايغا توپلاپ اوزلرى اوستيگە چيقب اولتوروب دورا
غا اوت قويودۇ. بو اوتدن نهايتى قاتتق پارتلاش حاصل بولوب،
بتون كوچار شەريني تومان باسيب آليدۇ. شونداق قيلب كو
چار هم انقلابچيلار قوليغا اوتكەن بولدى.

بو اثنادە قولغا توشكەن غنيمت، منصب، آبروى اوستيدەفيدا
ئيلر كاتتالرى اورتاسيدا آز - تولا سوركولوش پيدا بولودۇ.
بر - برينىڭ قصديگە توشوب كامازا، تمور شاگيونى قوراليدن
آيريماق اوچون اونگغا «بوقورالەرنى قاراشهرديكى ماشى مينغا
ايبەريب بەرسەڭ» دەپ فكر كورسوتودۇ. تمور شاگيونىڭ كون—
دن — كونگە آبروى غالبيت قازانيب كيتب بارغانيني كورال—
ماي تورغان كوچار واگى هم كامازانىڭ بوفكريني تيخيمو قوەتل
ەيدۇ. نتيجەدە تمور شاگيو، بوقورالەرنىڭ اوزى ايلە برگەتور
غاندا كوب فايداسى بارليغيني بيلسيدۇ، اما ماشى مين غاي—
بارميسەم، بوايكى بوزوق ماشيمين غا مينى يماندلاب خط يازيپ

اورتانی بوزوب قویموسون دەب احتیاط قیلب، غنیمت قوراللەرنی ماشی‌مینغا ایبەریدو.

بتون خالقنلك تمور شاکیو طرەفکە اویوشوب کیتب، اوزینلك یالغوز قالیشیدن حسد قیلغان کوچار واڭی خالقلەرغە: «تمور بولسا برعرباکەش، مەن بولسام بروالڭ! مەن توروب، سەنلەرنلك برعرباکەشکە ئەرگەشکەنلکلەر قایداغ گەپ» دەب تشویق‌قیلیدو. یانا بر طرەفدن کامازا ایلە برلیشب تەورگە قصد قیلماققا اورونودو. بولەر اول تمورنلك قاشیدەکی بیوك مهیم آداملەرنی یوقوتوب، آندن تمورنی اولتورمەککە مصلحت قیلیشب، یوق بربهانە ایلە اسلام باینی سودفا تارتیب: «سەن تونگان عسکرلری توشکەن اویگە کیلەم‌بەرمەپسەن، مینی (کامازا) قارشی‌آلغان‌واقتکدا، مسخیرە قیلب عسکریلك آران موشومو دەب سورودولڭ» دیگەن‌گناهلەرنی بوینیغا آرتیدو. آکغیچە گینرال تمور بوباشدن خبرتاپیب کامازانلك قاشیغا کیلب، آسیب‌قویولغان اسلام باینی کوروب‌آچیغی کیلب؛ ییشب توشورمەککە امر قیلیدو. وەکامازادن: «اسلام بای سکا نیمە گناه قیلدی» دەب سورایدو. بونلك گناسی‌حقندە هیچ برنرسە دەب بیرالمیغان کامازا «واڭنلك التماسی بوییچە موشونداق قیلدیم» دەب جواب قایتورودو. تمور شاکیو واڭغا باریب اونکغا: «بز ظالملەردن خلقیمزنی آزاد قیلماق اوچـون انقلاب باشلیغان ایدوق، بوانقلابنی بز منصب اوچون باشلیغان امەسمز، بوگون انقلابقا بیوك یاردەم ئەتکەن بوبر آدامنی قماب قویساق، انقلابیمزنلك آخری نیمە بولور، اونداق خطا حرکـت قیلماڭ، سز مەن بلەن چوڭلوق تالیشب هر آسەی اشلرنی قیلمالڭ، بوگوندن اعتباردن مەن سزگە عطاعت قیلای» دیگەن‌قتارلق سوزلرنی قیلب قایتب چیقیدو.

بو واقعە اوتوب آرادن بر ــ ایکی کون اوتمەیلا کامازا نیاز خلفتنی قورالسزلاندوروب، «سەن مەندن ایجازەتسز بوگورنی آلدیلڭ، بوگورنی آلغان واقتکدا 2تونگاننی‌اولتوروپسەن» دیگەن تهمتلەرنی چاپلاب نیا خلفتنی سای بوییغا الب چیقب ئولتورودو.

كوچار النغاننك ئەرتەسى تسكەن ديگەن قشلاغلىق هادى اعلم دوشنبه بازارغا كيلب خلقنى انقلا بقا دەعوەت قيلب، حاكم محكيمەسيگە هجوم قيلب، حاكم مهرى وە قوراللەرنى كوچارغە الب كيلب تمور شاشو ايلە كامازاغە تاپشوروب بەرگەن ايدى. كوچار واشى، هادى اعلمگە اوچلوك قيلب، كامازا ايلە بر ليشب «بزدن ايجازەت آلماى شهرنى اليب بزگە حرمتسزلك قيلديك» دەب انقلاب قيلغان مكافاتى اوچون هادى اعلمنى اولومگە حكوم قيلب اولتوروب، باشينى كيسب شهرنى آيلاندوروډو.

# گينرال تمور ئيلەياڭتوەن جاڭ ئورناسندا بولغان سوقوش

گينرال تمور كوچارنى تنچلاندوروب آلغاندن كين احمد خان، حامدخان، عبدالرسول حاجى، عبدالله خواجەلر ايلە فيدائيلرنى باشلاب قەشقەرغە قاراب يولغا چيقيدو. يول اوستيدە ياڭ تومن جاڭنڭ عسكر باشلاب آقسودن كوچارغا قاراب كيليوانقانلقى معلوم بولودو. بو حكومت عسكرلرى ياقينلاشيب كەلگەندە، گينرال تمور اولرنڭ ايچيگە «قوراللرنى تاپشوروشلار» دەب 2نفر وەكيل كيرگوزودو. ياڭتوەن جاڭ بو كەلگەن وەكيللرنى گەپ — سوز سورىماى اولتوروب تاشلايدو. بوياڭ توەنجاڭ فيدائيلرنى توسوماق اوچون تاجى خوراز ديگەن جايغا كيلب عسكرلرينى تاغلرآراسيغا اورونلاشتوروب سوقوشقا حاضر بولودو.

شو واقتدا غولجا يولندن حكومت عسكرى توشوب قيلشدن احتياط قيلب، قوغان ديگەن جايغا قاراوولقا چيقاريلغان حبيب الله باشلق 3نفر قاراوول ايلى يولندان 2نفر خەنسو، براوروس، بر قالماقنى توتوب كيليدو. آختوروب كورگەندە، بولردن برپارچە خط چيقيدو. خطدە يازيلغان سوز «قەشقەر، ياركند، اوچتورپان عسكرلرى تزدن آقسوغا كەلسون. غولجادن موزداوان ايشب عسكر باريدو. هاضر تمور كوچارنى آلدى. قەشقەرغەيورمەكچى، اونوڭ يولينى توساشلار» ديگەندن عبارت بولغان. ديمك بوواقتدا جاڭشورين، قەشقەر ايلە بولغان علاقەسى اوزولگەنلكدن بو 4نفر آدامنى ايلى آرقالى قەشقەر طرەفكە توشورگەن ايدى.

گېنېرال تىمور بىربولوم فېدائيلارنى ياڭتوەن جاڭنىڭ آرقاسى
غا آقسو يولىغا اوتكوزوپ الىپ، ياڭتوەن جاڭ عسكرى اورونلو
شوپ آلغان تاغقا 4 طرەفلەپ محاصىرە حالىدا هجوم باشلايدو.
بو سوقوشدا ياڭتوەنجاڭ يېڭىلىپ، 12 عربا اوق؛ 80 توگە آشلىق،
بر زەمبىرەك، برمونچە ملتق فېدائيلارگە اسىر توشودو. چېكىنگەن
ياڭتوەنجاڭ عسكرلرى آق تام دىگەن جايدا هم چىداب تورال-
ماى آقسوغا بارىپ آلودو. ياڭتوەنجاڭ جامدىگەن جايدا يورت
كاتتالرى بولوپ 1.000 چە آدامنى سارايغا توپلاپ اولتورودو. جام
دەكى بتون خلق اويلرىگە اوت قويوب كويدورودو. آخرى آق
سونى هم تاشلاپ چقماقغا مجبور بولغان ياڭتوەنجاڭ بولايدىغاننى
بولاپ، اولتوردىغاننى اولتوروپ، كويدوردىغاننى كويدوروپ قەش
قەرغە قاراپ سورولودو.

بونىڭ آرقاسىدىن قوغلاپ كېلىپ آتقان گېنېرال تىمور باشلىق فېدا
ئيلر لنگردىگەن جايغا يېتىپ كەلگەندە، آقسو كاتتالريدىن باي شاگ
يو، محمدشا گزوڭ، محمودخان باشلىق نچچەيوز آدام كوپ هديە الىپ
بولرنىڭ آلدىغا چيقىدو. بو آقسودىن چققان آداملر فېدائيلرنى نهاي
تى قزغىن داغ - دوغا ايلە آقسو كونە شهرگە الىپ كيريدو. شهر كو
چاسىدا كېتىپ بارغانىدا، گوروكەش برخەنسونىڭ گېنېرال تىمورگە
قاراتىپ آتقان اوقى تىمورگە تەگمەى اونىڭ قاشىدا كېتىپ بارغان
زاكر آتلق بر آدامغە تېگىدو. شو كونى كونە شهرگە توپلونوپ آل
غان حكومت آداملرى بتون - برنى اوت قويوپ خاراپ قيليدو. كاما
زاهم 3,000 دانە عسكرايلە آقسو كونە شهرگە كېلىپ توشودو. گېنې
رال تىمور اوچتورپاننى آلماق اوچون يولغا چققاندا، كامازا «تىمور
قايتىپ كرسون، مەن ايلە مصلحت قيليشىپ بارسون» دەپ تىمورنى يول
دىن قايتورۇپ كيريدو؛ تىمورگە ايتماى اوزى باشقا يول ايلە اوچتور
پانغا عسكر ماڭدوروپ اونداكى قورالارنى يېڭى شهرگە الىپ كې
لىپ اوزى باسىپ آلودو. بونىڭ اوستىگە آقسودا قولغا توشكەن قورال
لرنى ماشى مىنغا ايبەرىپ، آقسونى مەن آلديم دەپ ما شى مىنغا
خط يازيدو.

گېنېرال تىمور آقسودا بر آى توروپ حاضرلق ايشلرىنى تو گو
توپ قەشقەرگە قاراپ ماڭماقچى بولغاندا، كامازا: «تىمور قەشقەرغا

بارماي غولجىغا بارسون دەپ تەمورقاشىغا آدام كرگوزيدو. بو سوزگە
خافا بولغان تەمور كامازانىڭ اويىگە كيلىپ اونىڭغا «مەنى او چىتوروپ پالىدىن تو
ساپ اوزوك پارديك، اەمدى قەشقەردن غولجاغا باردەيسەن. غولجا
غا بارماق آسان اەمەس. بولمىسا سەنمو بزايلە غولجاغا بار،اي، وشنى
بز قىلايلى، اولسەك بز اولەيلى: آلغان يەرگە؛ پولغاسەن ايگە بول»
دەپ بر مونچە يمان گەپ قىلدى. گينرال تەمور اصلى ماشى مەن ايطا ع
تى آستندەكى آدام بولغانلقدن كوپ اشلردە اورتا بوزولوپ قالما
سون دەپ كامازاغا يول قويوپ كەلگەن ايدى. تەمور نتيجەدە كامازا
نىڭ بوقلغان، اتكەن اشلرى لوستندن ماشى مەنغا عرض يازيد
دو. اورتادا بولوواتقان بو اشلرغە چىدالمىغان تەمور، كامازا اوسە
تندان يمانلاپ آرقىغا قايتماقچى بولوپ يولغا چىقدى. تەمور قاتناشمى
سا، سوقوشىدىن نتيجە چىقاريش تەس ايكەنىنى بيلگەن كامازا «هەر
نەاش قىلسا خاهليغانىنى قيلسون بز ياردەمدە بولومز» ديگەن وەعدە
ايلە تەمورنىڭ قاشىغا وەكيل چىقاريدو. باي آخون عزيزى، صوفى بەگ
حاجيلر بولارنىڭ اورتاسينى ئەپلەشتوروپ قويدو.

ياڭىتوەن جاڭ تومشوق ديگەن جايغا بازىپ، قەشقەر ماداوتەي
دن كەلگەن كوچلرنى توپلاپ مستحكم استحكام قوروپ آلغانلقدن قەش
قەرغە قاراپ يولغا چىققان فيدائيلر بو جايدا نهايتى قاتتق هجوم باشلاي
دو. تومشوقدا 30نچە كون قاتتق سوقەش بولودو. آقسودن علي
حاجى، قرغز قولى بەگ يتەكچىلىكيدە 500 آدام فيدائي بولوپ كيلىپ
تومشوقدىكى سوقوشقا قاتناشيدو. حامدخان قەشقەردن ياڭىتوەن
جاڭغا كەلگەن 25 عربادا قورالنى قولغا توشوروپ آلودو. بو سو
قوشدا هر ايكى طرەفدن كوپ آدام چيقم بولوپ، فيدائيلر آرقا
غا چيكينىپ تورغاندا، قەشقەر ماداوتەي قاشىدان محمود آخون
داملام، ملا آخون حاجى، احمد حاجى، امين خان بەگ، عبدالله خان
خواجە باشلق 2[illegible] نفر آدام وەكيل بولوپ تەمورنىڭ قاشىغا كيليدو. تەمور
بو كەلگەن وەكيللرنى حرمت ايلە قارشى آلودو. وەكيللر باشليغى
محمود داملا تەمورگە: «ياڭىتوەن جاڭ ايلە اوروشوپ اوتالمايمز، ياڭ
نىڭ آرقاسندا ماداوتەي بار. ممكين قەدر آقسوغا قايتىڭ، ياڭىتوەنجاڭ
ايلە اوزلرينى اتفاق قيلىپ قويايلى» ديگەن فكرنى كورسوتودو.
احمد حاجى ديگەن كشى بونىڭغا قوشومچە قيلىپ: «قەشقەردە كوپ

اجنبیلربار. اگر قەشقەردە اوروش بولوب اولرغە بیرەر زیان
یەتیپقالسا، یورتیمزغا یاخشی بولماس. بزنالڭ سوزومزنی آڭلاپ
آقسوغا قایتیپ کیتلڭ» دەپ ئەیتیدو. بتون خلق انقلاب دەپتور
غان کونلردە بواورونسز سوزنی آڭلاغان تەمور خاپا بولوپ
وەکیللرگە: «بزهربر لرینی دەپ کەلدوق. بزگەسەن. کیرەك ئە
مەس قایت دیسەڭلر قایتیمز، لیکن یاڭتوەنجاڭنی یەڭگودەك
قوەتیمزبار یوقلیقینی ئەرتە ساعت 8 دەتەکشور مەکلرینی اومیل
قیلیمەندەپ ؛ ئەرتیسی 3.000 فیدائی عسکرنی صەف توزوپ مارش اوقو
توپ بو وەکیللرنالڭ آلدیدن اوتکوزودو. بو اوز خلقیدن تشکیل
بولغان فیدائیلرنالڭ مونچەلك غیرەت جسارەتینی کورگەن بو
وەکیلـلـرنالڭ بعضی برلری بالڭ تاسیرلەنگەنلکلدینەویە
لاپ تاشلایدو. وە تەمورگە قەشقەرغە تزرەك بارساڭز بولغیدەك
دەپتوصیە قیلیدو.
بو وەکیللر ایکی نفر آدامنی «تەمور قایتماققا راضی بول
میدی. بزنیمە قیلامز؟» دەپ یاڭ توەن جالڭ قاشغا ایبەریدو. بو2
نفر آدام وجدانسز بولغانلیقدن یاڭ توەن جالڭ قاشیغا کیلپلاتەمور
گە خیانت قیلیدو وە یاڭ تودن جاڭغا: «تەمورنالڭ قورالی آزای
کەن. تزدەن هجوم قیلالڭ» دیگەن سوزلرنی قیلیدو. بوسوزگە
خوش بولغان یاڭ توەن جالڭ بو 2نفر آدامنی «یاڭ قورالینی 3
کون ایچیدە تاپشورماق بولدی» دەپ باریڭلر دەپ قایتا تەمورگە
وەکیلقیلیپ ماڭدورودو. بو 2نفر آدام کیلیپ «یاڭ 3کون- ایچدە
قورالینی تاپشورماق بولدی» دەپ ئەیتیدو. بوسوزنی آڭلاغان
تەمور اویلونوپ شونچە، کوچ ایلە تورغان یاڭ توەن جالڭ شون-
داق آسان قورال تاپشورامدیکەن» دەپ شبهەگە کلیپ، بوقیتمبو
لر پلان ایلە کەلگەن اوخشا یدو دەپ گومانلق کشیلردن عبدال
لەخان خواجە؛ امنخان بەگ؛ علی، یوسفلرنی قماب بتون
اشیالرینی آختورغاندا، آتنالڭ ایگەری ایچیدن قەشقەر ماداوتەینالڭ
آقسودا تورغان مالوی جاڭغا یازغان برپارچە خطی تاپیلدو. خط
دە: «سەن بزایلە برتونگان. تەمورنالڭ آلدیدا قەشقەرغە کەل،
مەن سڭا ایطاعت قیلیمەن. ایکیمز برلیشیپ بواوغریلرنی یوق
قیلیمز» دیگەن مضمونلدا سوزلر یازیلغان ایکەن. مالوی جالڭ بواسا،

مور: كامازالرنڭ اوسشندەكى باش قوماندان بولوب ماشى
الىڭ آديمى. تمور بوواقتدا قامالغانلردن باشقا وەكيللرنى «ماداوتەى
طرەفدن مالوى جاشنى تكلف قيلب كەلگەن ايكەنسيلر. ناق
غاياريب كوزگەنلريڭزنى، وظيفەلريڭزنى بيان قيليڭزلر»
ياقسوغا مالوى جانڭ قاشيغا ايبەريلدى.
بو اورتادا ياڭتوەن جانڭ طرەفدن كوچلوك هجوم باشلانيب،
قيدانيلر چيديير ديگەن جايغا قەدر چيكينيب كيليدو. آخرى قيدا
نيلر قايتورما هجومغا اوتوب ياڭتوەنجاڭنى تومشوقدن اوتكو
زوب تاشلايدو. بوواقتدا تمور مارالباشى لق توردى حاجى ناملق بر
آدامنى قەشقەرنڭ اچكى احوالينى بيلب كەلمەك اوچون قە
قەرغە ايبەريدو. توردى حاجى 12 كوندن كيين قەشقەردن قايتب
كيلب قەشقەردە ماداوتەى نڭ قرغزلردن 800 گە قدر عسكرالب
مورگە قارشى تيارلاب تورغان خبرينى الب كيليدو.

گينرال تمور (تمور بوتوك)، اگر ماداوتەى قەشقەر قرغز
ريني بزگە قارشى اوروشقا سالماقچى بولغان بولسا، بزنڭ قەش
قەرنى آلماقيمز قيين بولودو، — دەپ قايغوروب تورغان كونلەر
دە، قرغز عسكرلرينڭ باشليغى عثمان طرەفدن الچى بولوب
كەلگەن 2 نفر قرغزنى قاراوولچيلار يولدن توتوب، گينرال تمور
نڭ آلديغا الب كيليدو. بو 2 نفر قرغز توماقينى يرتيب اچيدن بر
مكتوبنى چقاريب تمورگە توتودو. بو خطگە عثمان، اوراز، قوش
مەت، توختى لارامزا نەتكەن بولوب، مضمونى، - بز 800 قرغز سز
گە قوشولماققا تيارمز، — ديمەكدن عبارەت بولغان. گينرال
تمور بونى كوروب بەك خورسند بولوب مذكور 2 قرغزغا عب —
دالقادر مخدومنى وەكيل قيلب قوشوب، مخدومدن عثمانغا بردانە
آق بايراق، برپارچە خط ايبەريدو. مكتوب، «رەحمت سزلرنڭ
وجدانيڭزلارغا، الله سزلرنى توغرا يولغا باشلايدو. مسلمانلق
وظيفەڭزنى اوتەگەن بولديڭزلار، سزلار ممكن قدر مارالباشى
غە كيلب ياڭتوەنجاڭنڭ آرقاسندن هجوم قيڭلار، اگر كوچوڭ
لر يەتميسە، آرتوچغا كيلڭلر، اگر بونى هم قيلالماساڭلر، اوز
جايڭزلاردا فرصت كوتوب تورڭزلار» ديگەن مضموندن عبا
رەت. مخدوم 9 كوندە عثماننڭ قاشيغا باريب هديەلرنى تقديم قيليدو.

عثمان گینرال تەمورنڭ ھەیبە قیلغان آق بایراغینی کوروب
کوب یغلایدو، کوزلریگە سورتودو، عثمان بواشنی ھیچ کیمگە
معلوم قیلمای، ماداوتەی قاشیغا کیریب: «اوغریلر یاقنلیشب کەلە
مەکدە، قورالنگزنی تیزرەك بیریڭ، مەن عسکرلرگە سوقوش
یوللرینی اورگوتوب، سوقوشقا اولارنی تیارلاب توراي» دەیدو.
ماداوتەی 800 میلتق، یتەرلك اوق بیریدو. عثمان قایتب عسکر
لرینڭ قاشیغا کیلب تزبر چراغاوتکوزوب، ماداوتەینڭ قرغزعسکر
ری اچیگە قوشوب قویغان 8 آدامینی توتوب قماققا آیدی. آندن
قرغزلارنی توپلاب، اولارغا یاڭی جلڭ وە ماداوتەی طرەفندن اش
لەنگەن ظلوملارنی وە مسلمانلارڭ مسلمانلغا قارشی اوق آتیشنڭ
حراملیغینی سوزلەب بولوب، مەن ماداوتەینڭ قورالی ایلە ماداو
تەیگە قارشی انقلاب آچماقچیمەن، سزلر نیمە دەیسزلر دەب قالغان
لارغا مصلیحت سالیدی. بارلق قرغزلار فکریڭزگە قوشولامز، ھر
نە قیلساڭ ایطاعت قیلەمز بولامز، — دەب جواب قایتورودو. عثمان
گینرال تەموردن کەلگەن بایراقنی ایگز کوتوروب، ناغرا - سۆ
نای چالیب، ماداوتەیگە: «شەھرنی چاپسان بیکار قیل، بولمیسا،
تیار بول» دەب خبر کرگوزدو. بو حالدا عثمان باتورلوق نام
ایلە اطرافیغا 5000 گە قدەر فیدائی توپلایدو وە عثمان اوزینڭ
قیلغان اشلرینی آڭلاتماق اوچون مخدوم نی گینرال تەمورنڭ قا
شغا ایبەریدو. مخدوم بولغان واقعەنی کیلب آڭلاتیدو. گینرال
تەمور بو واقعەنی بتون قول آستندا کی فیدائیلرغە آڭلاتیب اولر
نڭ روحینی کوتورودو. بو واقتدا فیدائیلرغە تیخیمو زور غیرەت
کیریب 2 کیچە - کوندوز سوقوش قیلب یاڭیتوەنجا شەھرنی یگیلدو.
یاڭیشەھرنڭ 1000 دانە عسکری قوراللری ایلە فیدائیلر قولیغا اسیر تو
شودی.

ماداوتەی عثمان باتوردن یوقوریقی مضموندا مکتوب تاپشو
روب آلغاندن سوڭ ایلگری یارکندە آفغانستان وەکیلی بولوب تورغان
جیرنیل افندینی 50 عسکر ایلە عثماننی اولتورمەککە چیقریدو.
جیرنیل آبادنڭ بویغا یتب بارغاندا، فیدائیلرگە اوچراب قاچیب
شھرگە کیریب آلودو. آندن ماداوتەی اوزبیك یوسف جاننی چاقی
ریب: «سەن ایلگری روسیەدە روسلارغا قارشی اوروشقان ایکەن

سەن، سەن انلیجانلقلەن عسکر الب، عثمانغاقارشی اوروش، اگر
عثمانی یەڭسەڭ، کیلەچکدە اوزبیك مسافرلاراوچون یڭی‌شهرنی
توشکونلککە بیربمز» دەب آلدایدو. یوسف جان قبول کوروب
عسکر توپلایدو. ماداوتەی خەن دیگەن کشینی باشلق، یوسف
جاننی معاون قیلب 80 دانه میلتق بیریدو.
بو واقتدا عثمان باتور، گینرال تمور فیض آبادقا کیلیدو
دیگەن خبرنی آڭلاب، قارشی آلماق اوچون ساتب‌آلدی‌جان، قوش
مت باشلق 50عسکر بلەن فیض آبادقا کیلیدو. بوندا تمورایلەعث
مانقوچاغلاشیب، یغلاشب کوروشودو.

# عثمان باتورنڭ قەشقەرغە هجومی

بوندا توروب عثمان باتور قەشقەرغە هجوم قیلماقچی گینرال
موردن بویروق آلغاندن سوڭ 1933 - یلی 4 - آی 7 - کونی
سەشنبە ارتە ساعت 7دە قەشقەرغە هجوم باشلاب، بتون سپلنی
قورشاب آلیدو. بولاق باشندن سپلنی بوزوب شهرگە کیریدو.
بر بولومی توشوك دەروازاغا اوت قویدو. شهر تاشندن هجوم
باشلانغاندا شهر اچندەکی خلق هم قوزغولوب یاربا غدەر بازەنی
قرغزلارغا آچیب بیریدو. 3ساعتلك سوقوشدن سوڭ ماداوتەی عس
کرلری مغلوب بولوب، قوراللرینی تاشلاب، خلق اویلریگە مو
کونوب آلیدو. بوواقتدا یوسف جان‌هم عثمانغا قوشولوب کتیدو.
آرتوچدن کیچك آخون دیگەن آدام برمونچە فیدائیلرنی باشلاب
عثمانغا یاردەمگە کیلیدو.
بواورتادا قولغا توشکەن‌غنیمتلرنی بولوشوش، اولجا الش اش
لریدە عثماننڭ قول آستندا بولغان عبدالله، اورازلر باش-باش
تاقلق قلب عثماننڭ سوزیگە کیرمەی‌اوزیچە اش‌اشلەیدو. بونگ
غا خافا بولغان عثمان «موتلاق قالایمیقانچیلق، باش - باشتاقلق
اشلان کەچلیم، نیمە قیلساڭلر شونی قیلڭلر، مەن فیض آبادقا
باریب اورومچیدین کیلیدیغان عسکرلرنی توساب یاتیمەن، سەن
لردەك ناانسافلرنڭ دیدارینی کورمەی» دەب یمانلاب اوزیگەییقن
40عسکرینی الب کیچبسی اوزی تورغان کرم باغدن‌یوروب کیتیدو


ۋە عبدالله آخون، احمد جانلر آرقاسىدىن بارىب نامەقۇ بولوب عثماننى قايتوروب قوم دەرۋازاغا الىب كىردىلەر.

1933 - يىلى - آينىڭ 8 - كونى گىنرال تەمور قەشقەرغە يىتىب كىلىدى. عثمان باتور بتون خلقنى باشلاب آلدىغا چىقىب قارشى آلىپ ــ لدو. گىنرال تەمور عسكرلرى ايلە قوم دەرۋازەدە محمود خاننىڭ باغىغا توشودو.

4 - آينىڭ 11 - كونى ماجەن سەن تونگان عسكرىنى باشلاب قەشقەرغە يىتىب كىلىب ماداوتەى يار دوتەى محكمەسىگە بارىب وشودو. عثمان باتور قەشقەرنى آلغاندا، حاكمىيتنى قولغا آلغان بولسەمو، ماداوتەى نىڭ حياتىغا تەگمىگەن، بەلكى اونى حمايە قىلىب ساقلاغان ايدى.

بو اورتادا عثمان، قوشمتنى يارگىنلىنى آلماق اوچون ايبەرىد ــ لدو. بو خبرنى آڭلاغان ماجەن سەن مەندىن رخصت آلماى نىمە اوچون يارگىنلگە آدام ماڭدوردو دەب خاپا بولوب، عثماننى چاقىر تىب كەلتورمەك اوچون 4 دانە عسكر چىقارىدى. عثمان اوزى بار ماى ماجەن سەن آلدىغا اورازنى ايبەردى. اوراز ماجەن سەننى قولدا تاپانچە توتقان بەك خاپا حالدا كورودو. ماجەن سەن: «عثمان نيمە اوچون كەلمەى، سەن كەلدىڭ، قوشمت نىمە اوچون يارگىنلگــە كەتتى» دەب سوراق سورايدى. اوراز: «مەن بىلمەيمەن، عثمان دن سوراب جواب بىرەى» دەب قايتىب چىقىدى. بو احوالنى آڭلا غان عثمان: «قەشقەرنى مەن آلسام، يورت بزنىڭ بولسا، ماجەن سەن مەندىن حساب آلورميكەن؟» دەب خاپا بولوب، اوزىگە قاراشلق اوزبىك، قرغز عسكرلرنى باشلاب 5 - آينىڭ 17 - كونى ماجەن سەن تورغان داوتەى محكمەسىگە هجوم باشلايدى. بو واقعەنى گىنرال تەمور آڭلاب، عثماننى بو آلدىراڭغولوق حركتدىن توختىتو توب آلىدو. ماجەن سەن ايلە عثماننىڭ اورتاسىنى ياخشىلاب قويودو. شوندىن سوڭ ماجەن سەن كهنە شهردن چىقىب يىڭى شهرگە هجــوم باشلايدو.

يونس بەگ قەشقەرغە والی بولوب، سابق والی ماداوتەی دن خذمتنی تاپشوروب آلودو. بوانقلابچیلار قەشقەرنڭ تنچلیقینی اورنوتوب بولوب یارکندگە یورمەککە حاضرلینیدو. بوکونلردە زامانیدن خبردار، علملق یونس بەگ نڭ «عاقیبتیمز یاخشی بولسون دیسەك بزمرکزی حکومتنڭ امریدن چقماسلیقیمز لازم. بز نڭ بوانقلابیمز، مرکزگە قارشی ایمس بەلکی یرلك ظالملرنی



قرغز عثمان باتور وە او نڭ
یولداشلری

آغدوروش اوچوندر» بعضی برآز کلاشیلماو چیلق توغولوب قالما سون اوچون آلدی بلەن مرکزگە اطاعت تلیغرامی ایبەرمەك لازم» دەب کورسەتکەن ئکری بویچە گینرال تمور ۶نچی آیدە نەنجیدن مرکزی حکومتکە اطاعت تلیغرامی ایبەردی. ۶ نچی آی آخریندا مرکزدن هم قبول ایتلگەن جواب تلیغرام کەلدی. بو اورتادا عثمان باتور: «مینی بواشقا آریلاشتورماپسیلر، مرکزدن کەلگەن تلیغرامدا مینڭ اسمیم یوق» دەب یمانلاب تمورنڭ اطاعة دن باش تارتیپ عسکرینی الپ تاغقا چیقب آلودو. بو فرصتدن فایدیلانماقچی بولغان ماجەنسەن قرغزلرنی اوز طرەفیگە تارتب تمور ایلە عثماننڭ اورتاسینی بوزوشقا حرکت قلیدو. بو آریدا

قرغزلار شهرنی بولاك — تالاك قیلیپ تاغقا قاچیدو. دیمهك بو انقلاب باشلقلری بلمسز، تجربهسز بولغانلقدن بیوك بر وظیفهاوستنده توروب آزغینه براشلردن دولایی اورتاسی بوزولوب قالدی. گینرال‌تمور قرغزلرغه خاقابولوب اولارنك آرقاسندن قوغلوماققا امربیریپ اوزی ماشیناغا اولتوروب سوقوش میدانیغا چیقیدو. بو ایشدان برنچه کون‌بوروں خواجه نیاز حاجمدن کهلگهن بویروق بو ییچه گینرال تموز، ماجهن‌سهن‌دن باش قوماندانلق وظیفهنی تاپشوروب آلغان ایدی. شونك‌اوچون ماجهن‌سدن گینرال‌تمورنی یوقوتوش ایشیغا کریشکهن ایدی. سوقوش میدانیدن‌تمور قایتیپ کیلیوا تقاندا، تونگان عسکرلری یولدا اوچرایدو. تمور ماشینا نی توختوتوب، تونگان عسکرلرینك باشلیغینی چاقرتیپ، عثمان نی قوغلاش اوچون برگهن امرنی بجرمیگهنلیکی‌اوچون‌سودقا تارتیدو. بوآندا بو تونگان عسکرلری تمور باشلق 5آدامنی بوندا اولتوروب، شوکونی ماجهن‌سهن شهرگه کیریب آلودو. بو واقعهنی آڭلاغان عثمان قرغز عسکرلرینی باشلاب تونگا نلرغه قاراب کونه شهرگه هجوم باشلایدو. ماجهن‌سهن یکی شهرده محا صیره اچنده قالیدو. اورتادن برنچه کون اوتکهنده، عثمان ایله یوسف‌جان اورتاسی بوزولودو.

## خوتەن انقلابی

قمول انقلابی کیڭکه یبتور پارطره‌فکه‌سورولوب چققاندا،وه‌آلتی شهرده‌کی انقلابی حرکت جدیلهشکهن کونلرده‌خوتهن‌ولایتیدیمو نقلاب باشلاندی. 1933 نچی یلی رامضان‌آییدا قاراقاش عالملری دن محمدایمن داملام، عبدالله مخدوم، نور احمد، محمدنیازاعلم آخونوم باشلق بر قانچه عالملر اوز شاگرد، مریدلرینی او یوشتوروب، چڭ شو رین حاکیمیتیگه قارشی انقلاب قیلماق او چون بر مخفی تشکیلات قوروب، سوقوش قورالی اوچون یاشی رین سورهتده قیلیچ، میلتق، پالتو، سونڭو تیارلایدو. بو مخفی حرکتدن خبر تاپقان شهز مهئموری بوانشنی الچی‌ده تورغوچی تهن داو تهی گه معلوم قیلیدو. تهن داو تهی خوتهن تاغلرنده کی 50نفر فهلیوانلنی ییغب کیلیب قاراقاش حاکم ادارهسیگه توخ توتوپ قویودو. تهن داو تهی باشلق حکومت مهئمورلری بومه

فی تشکیلات اویوشتور غان عالملرنی مجلس بار دەپ چا قریپ کیریپ اولتورمەککە قارار بیریشیدو. تەن داو تەی قا شندا تر جیمان بولوپ تورغان توردی بەگ بو قارار دن خبر تاپیپ، عالم لرنی چاقر دیغان کوندن برکون بورون کیچە سی اوغورلوق چە سرتقا چیقپ عالملرغە «اگر سزلر ئەرتە اگیچە براش قیلماساڭ لر، همە گزنی یو قو توپ تاشلایدو، هوشیار بولوڭلر» دەپتەن داو تەی نلڭ سیرینی ئەیتیدو. بونی آڭلاغان عالملر چاپان ایچی گە قیلچ، کالتەك تقان حالدا 40نفر شاگردینی باشلاپ شهر وه حاکم ادارەسیگە هجومغا کیریدو. حاکم ادارەسیگە باسیپ کیر گەن عبدالله مخدوم، نور احمد باشلق عالم وه شاگردلر حاکم باشلق مەئمورلرنی اولتورودو. حاکم ادارەسندەکی 50 قوللوان قاتناشقان حالدا بتون شهر فتح ایتیلیدو. شول کونی 500 ئەفەر قیدا ئی ایلە ایشان قادیرخان غلامنی گوما یولینی تـوسوماقا ماڭدورودو. الچی طره فکه هم کوپ قیدا ئیلر یول سا لدو.

قەشقەر ماداو تەی نلڭ امری بوییچە چارقالق یولیندا تورماق او ون گومادن خوتەنگە قاراپ کیلیواتقان 400نفر حکومت عسکری یولدا قیـ ائیلرغە اوچرایدو. بواورتادا سوقوش باشلانیپ حکومت عسکری مغلوپ بولودو. خوتەندە موندلاق زور قوزغولاڭ بولغاننی آڭلاغان ماداو تەی قەشقەردن خوتەنگە کوپ عسکر ماڭدورودو. بو کون لردە تمور دخی کوچار دا بولوپ قەشقەرغە یيتیپ کەلـ ەیگەن، وه قەشقەر ماداو تەینڭ قولندا ایدی.

شوندن باشلاپ خوتەن انقلابچیلری الچی، قەشقەر، یارکند دن کەلگەن حکومت عسکرلری ایلە سوقوش الب باریدو. ماداو تەی بو قوزغولاڭنی قورالق کوچ ایلە باستوروپ الشقا کوزی یەتمەی خوتەن انقلابچیلرینی سولح گە چاقریپ مۇدن جان باش لق بر قانچە آدامنی وەکیل قیلیپ خوتەن گە ماڭدورودو. اورتادا بولغان مذاکیرەدن نتیجە چقمایدو، سوقوش اوزلو کسز داوام ایتیپ الچی دەکی تەن باشلق 600 دن آرتوق حکومت عسکری تەسلم بولتودو. الچی، کریە انقلابچیلر نلڭ قولیغا اوتودو، بواورتادا قومات دیگەن جایدن برآق الم کوتوروپ برقانچە قورال

سز خەنسولر وەكيل بولوب خوتەنگە ثابتالله حضرت قـاشيغا كيلب، «بز 200 آدام، سزگە تسلم بولومز. بزگە تگمەسنگلر» دەيدو. بو يالغاندن تسلم بولغان حكومت عسكرلرى انقلابچيلر نى اور تاغا قورشاب آلىدو. اورتادا قاتلق سوقوش باشلانيـب 4000 قدر حكومت عسكرى اولوب، 60 نفرى قاچىب كيتيدو.

# ئوماداڭ قوزغولوش

خوتەن انقلابچيلرى خوتەندە غالبيت قازانيب، گوما طرەفكە ماشيقا حاضرلينب تورغان كونلردە گومانڭ بيوك عالملرنـدن عطاوالله حاجم، عبدالجليل حاجمار باش بولغان حالدا برتـورگوم فيدائيلر اويوشوب كيچەسى شەهرگە هجوم باشلاب دەربازەنى بوزوب شەهرگە كريدو. ئەرتەسى ساعت 12دە حاكم باشاق هەمەسى تسلم بوليديغانليقنى بيلدوردو. فيدائيلر قبول قيلماى هجومينى داوام قيلدوروب تورغاندا، حاكم باشاق 10 نچە كاتتا مەئمورلر بلە شيقا سەلله اوراب چقيدو. شوآريدا خوتەندن يتكيليب قـاچقان حكومت عسكرلرى بو سوقوش اوستيگە كيلب قياپ انقلابچيلرگە هجوم باشلايدو. بو تويوقسز هجومدن فيدائيلر زيان چيكيپ سحرالرغە تارالىب كيتيدو. حكومت عسكرلرى اسير تـوشكەن عبدالجليل حاجمنى اولتورمەك بولغاندا، گوما حاكمى جـاڭ: «مينڭ جانيمنى قوتقازغان آدام بول، اگر بو آدام بولميسا ،مينى اولتوروب قويار ايدى» دەب عسكرلرنڭ قولندن قـوتقوزوب آلودو. بوچاغ عسكرلرى شەهرنى بتونلەى ديگوددك قتل عام قيلب مال ـ ملوكلرنى بولاب ـ تالاب شەهرنى تاشلاب قەشقەرغە يوروب كتيدو.

بو عسكرلر قارغيلقنڭ اقين ديگەن جايدا فيدائيلرغە اوچـراب قور قوب قاچيب قايتب گوماغا كيلب حاكم ادارەسندە آمان بالغان حسامالدين، عثمان آتلق 2 آدامنى بزگە ياركندگە تاغ آراغى ايلە باريب الشفا يول كورسەت دەب آلديغا سالب فشتە، آزغان، كاچون تاغلريدن اوتوب 15 كون يول يوروب ياركندگە باريب آلودو.

# قارغالقدا احوال

خوتەن طردفدە انقلابچیلەرنڭ حرکتی کوچلانغان زامانلار دا، قارغالق حاکمی اوز اورنیدا باشقا برآدامنی قویوب اوزی خوتەن سوقوشیغا کەتکەن ایدی. حاکمنڭ یوقلیقندن فایدیلینب قارغالق خلقی، قوزغالماق بولوب تورغاندا، قەشقەر ماداوتەی طرەفدن خوتەن اوروشیغا ماکلورولغان 200 عسکر (بونڭ ایچندە 100نفر قرغز عسکر بار) قارغالققا کیلب توشودو. بو کونلەر بولسا تمور دخی آقسودا، قەشقەر ماداو تەی قولندا بولغان کونلەر ایدی.

بو اور ثادا ثابر خان غوجام باشلق بر قانچە یورت کاتـــتالری، بو کەلگەن قرغز عسکرلرینی اوزطرەفیگە تارتیب اولار بلەن برگە حکومتکە قارشی چقماقفا قارار بیریشب قرغز کاتتالرندن 2 آدامنی مخفی چاقریب، اولاردن قورالری ایــلە انقلابقا قوشولما قینی اوتونودو. بو اوتو نوشکە قرغز کاتتا لەری: «بز بلەن برگە کەلگەن تونگان، خەنسو عسکرلەری بزگە اطاعت قیلمایدو. اولاردن آیریلب سیلەرطرەفکە اوتمەك اوچـــون بولغا چیقار آلمیدا، آلدی - آرقامزغا مخفی آدام قویولسون، یول اوستندە آلدی - آرقامزدن هجوم باشلاسنگلار، بز سیلەرگە قارشی سوقوشقان بولوب اوقنی آسمانغا قاراتیب آتایلی، آخری بز قورالریمز ایلە اسیر توشەیلی، بزنی باغلاب آلغان بولوسنگلار، اوندن سونگغی حرکتدە سیلەر ایلە برگە بولایلی» دیگەن فکرنی کورسیتودو. نتیجەدە بو فکر بوینچە اش اشلەنیب، انقلابچیلەر طرەفکە اوتوب آلغان قرغز کوچلاری ایلە برگە قارغالققا هجوم باشلانیدو. انقلابچیلار قارغالقنی اشغال قیلب بولوب، بر قسمی کوما طرەفکە، یانا بر قسمی پوسکامدن اوتوب یارکند دەریاسنی بویغا باریب اورونلوشیدو.

# خوتەن إنقلابچیلا رینڭ تشکیلی حـــرکـــتی

قالغان انقلابنی بر مرکزلـــك اورونغا تاینب توروب داوام قیلدورماقنی لایق تاپقان خوتەن إنقلابچیلاری قارا قاشنی مرکزی اورون قیلب، بوندا «دارالعساکر» وە «ملی حکومت» دیگەن نام آستندا واقتلی حکومت تشکیل قیلدی. «دارالعساکر» نڭ ناظرلیقیغا« امیر حضرت» عنوانی ایلە محمد امین داملام «ملی حکومت» ناظرلیقیغا «جلالت» عنوانی ایلە محمد نیاز اعلم آخونـــوم سایلاندی. بو حکومت یارکندگەهجوم باشلاشقا قرار بەردی.

شو نڭ ایلە برنچی دفعە یوروش قیلب اوردو قوماندانی ثابت الله داملام، و تورسون باقی، توردی بەگ حاجم، عشور قاضی آخونوملار 3000 گە قدر فیدائی لەرنی باشلاپ یارکندگە یوردی. ایکنچی یوروشکە دارالعساکرنڭ 3نچی معاوینی امیر نور احمدخان، 3نچی یوروشکـــە دارالعساکرنڭ ایکنچی معاوینی امیر عبدالله مخدوم (بو کشیگە بیریلگەن عنوان شاە منصـــور) باش بولغان حالدا کوب فیدائیلەریولغا چقدی.



خوتەن انقلابی نڭ یېتەك چیـــسی محمد امین دامـــلام

بو فیدائیلەر اوردو قوماندانی ثابت الله داملامنی شهیدبریب بر هجومدا یارکند کهنە شهرنی اشغال قیلدو و یڭی شهرنی محاصیرەگە آلودو. ماندا شوکونلەردە تمور قەشقەرغە کەلگـــەن ایدی. تمور طرەفدن خوتەن انقلابچیلاریغا یاردەمگە ماڭدورولـــغان حافظ تونجالڭ یارکندەکی بوسوقوش اوستیگە کیلیدو. بولارنڭ برنچە کون آلدندا: «قمول خواجە نیاز حاجم قاشندن کەلدوق» - دەب 200 تونگان عسکری کیلب یارکنددەکی فیدائیلەر بلەن برگە بولودو. یڭی شهر دخی النمای قورغان بوکون

لەردە: «خوتەندن ثابت داملام چقبدور» دیگەن خبر آڭلانیب،فی-
دائیلەرنڭ باشلقلاری داملامنڭ استقبالیغا چیقب کیتیلدور.

بو اورتادا باياقی 200 تونگان عسکری آت سوغورغالی چقـ
قان چاغلەرندە ناخشا ایتقان بولوب، ناخشاسی آرقالی اوزلاری
نڭ ماداوتەی طرەفدن کەلگەنلیکینی و انا علاج انقلابچیلارنڭ
کوزینی بویاب تورغانلیقینی یڭی شهردە قمالیب قالغان جنڭ عسـ
کریگە اوختورودی. بو ایکی طرەف ناخشا آرقالی بر برینی آڭ
لاشیلدو. نتیجەدە بو 200 تونگان عسکری دەربازەنی آشتوروب یڭی
شهرگە کیریب آلودو. آخری بو محاصیره ایچندە قالغان عسکر
لەر « بز ماداوتەی دن ایجازەتسز تسلم بولالمایمز، قەشقەرغــە
کیتشکە بزگە یول بەرسەڭلار، بز شهرنی بوشوتوب بەرسەك »
دەب فیدائیلەر قاشیغا وە
کیل چیقاریدو. تیلەکی
قبول کورولوب شهرنی
بوشوتوب قەشقەرغە قا
راب یولغا چیققان 1.000
غە قدر جنڭ عسکری حمیە
نڭ سایىغا ییتیب بارغاندا، فیدائیلەر آرقسندن
هجوم باشلاب اولارنی قو
رالسزلاندورودی. بو کوب
قورالنی قولغا تو شور
گەن انقلابچیلار یارکند


شاه منصـور

گە قایتیب کیلیب یڭی
شهر، کونه شهرگە
اورونلوشوب آلو دو.
یارکند، خوتەن طردە
دە جنڭشورینڭ قوەتی قالمیغانلقدن وتمور
قەشقەرغە کیلیب توشکەنلکدن ثابت داملام
شاه منصور فیدائیلەر دن
500 نفرنی الب قەشقەردە
کی گینرال تمورقاشیغا
زیارتکە یوروب کیتیلدو.

## ماجوڭیی نڭ 2ــ دفعه چیقیشی

باشدا یازیلغانچە، خواجە نیاز حاجم قمولدن چیقب، تورپان
دا محمود محیطی ایلە برلیشیلدو. بولار گوچوگغا هجوم قیلماق
اوچون، موری اطرافـداسو قوشوب تورغان کونلەرندە، ماجوڭیی،
موصول حاجمنڭ تورپانغا ییتیب کەلکینی آڭلانیلدو. بوخبر آڭ
لانغاندن صولڭ، خواجە نیاز حاجم، محمود محیطیلار: «بز آلدی
ایلە موصول حاجم ایلە کوروشوب، اونکدن ماجوڭیی نڭ احوالی
نی سوراب بیلیب بر مصلحتکە کەلسەك» ـــ دەب کوك یارفا کە

لدیلو. موصول حاجم ایله بوندا کوروشودو. خواجه نیاز حاجم اووەلقی دفعه ماجولڭ یی بلەن چیقیشالمیغانلیغی اوچون بوندا مـا جولڭ یی دن آیریلش فکرینی اورتاغا آتیلدو. نتیجەدە مـو صول حاجمنڭ «دخی جڭ شورینی یوقاتمای توروب ماجولڭ یی دن آیریلساق، یاخشی نتیجه چقماس، هەمز بر مسلمان بولغانلقدن برلیشب اش قیلساق» دەب کورسەتکەن فکری بوینچه، خواجه نیاز حاجم، محمود محیطی لەر ماجولڭ یی ایله کوروشمەك و اونڭ بلەن برگه گوچوگغا هجوم قیلماق اوچون موریغا باریلدو. بوندا گوچوگغا هجومغا حاضرلینب تورغان ماجولڭ یی، خواجه نیاز حاجملن: «مینڭ عسکرم ارته ــ اوگون گوچوگغا هجومغاماشڭ لدو. سزلەر قایداق قیلسزلەر» دەب سورایلدو. خواجه نیاز حاجم نڭ: «مەنده اوق ــ دورا آز» دەب بەرگەن جوابیغا بنائەن مـا جولڭ یی خواجه نیاز حاجمغا 3.500 دانه اوق بیریلدو. نتیجەدە ماجولڭ یی گوچوگغا، خـواجـه نیاز حـاجم جمسارغا هجـوم باشلایدو.

جمسارده گی حکومت عسکرلەری «سوقوشمای قورال تاپشور ساق» دەب خواجه نیاز حاجمغا قورال تاپشورماقچی بولوب تور غاندا، گوچوگغا کەتکەن ماجولڭ یی طرەفدن ماتوەنجاڭ باشلق برپولك عسکر کیلب جمسارده گی 1860دانه میلتق، ایکی مڭ دانه آتنی تاپشوروب الب حاجمدن خبرسز یاکی حاجمغا بەرمەی گو چوگغا الب کیتیلدو.

«بزگه تیگشلك قورالنی، نیمه اوچون بزگه بەرمەی الـب کیتیلدو؟» دەب ماجولڭ یی دن خاپا بولغان خواجه نیاز حاجم، ماجولڭ یی دن گوگدی آغریغانلیقینی بلدورمەك اوچون گوچوگدا ما جولڭ یی قاشدا بولغان موصول حاجمغا آدام ایبەریلدو. موصول حاجم ماجولڭ یی نڭ فکرینی بلمەك اوچون: «ایلم محمودنڭ عسکری کوب، قورالی آز، اونگغا یوزدانه ملتق ایبەرسەك نچوك؟» دەب او نگدن قورال سورایلدو. ماجولڭ یی: «خواجه نیازغا بیریلیغان قو رال یوقا، محمودغا بیرەی» دەب بریوز دانه کیرەکسز ملتقنی بیریلدو.

بو احوالنی بیلگەندین سوڭ، «ما جوڭ یی نىڭ سوقوش با
لاش آلدىدا هر ایکی طرەف قولغا توشورگەن قورالنی تەڭ بو
لوشیمز» دەپ توزوشکەن توختامغا خلاف اش قیلغانینی نظردە
توتوپ خواجە نیاز حاجم، مجمود محیطیلەر شو کوندین باشلاپ
ماجوڭیی دن علاقەنی اوزودو.

# 2 — باب: شڭشی سەی دوری

## اورومچیدە ییڭگی حکومت

اورومچیدین باشقا همە جای انقلابچیلار قولیغا اوتدی. ایلگە
چوچەك طرەفدە جڭشورین نىڭ آز - تولا تاعسری قالغان بولسە
مو، اما حاکمیتنی ساقلاپ قالیشقا هیچ امکانیت قالماغان ایدی.
ماجوڭیی نىڭ گوچوڭغا هجومی، اورومچینی زور خوف آستندا
قالدوردی. اورومچیدەکی خەنسولەر طرەفدین وحکومتنىڭ ترکیبیدە
کی موهیم آدەملاردن جڭشورین نىڭ چارەسزلیقیغا نارا ضیلق تو
غولدو. اچکی طرەفدین جڭشورین نی اورنیدین توشوروپ، سرتقی خوفنی بوشوتوش پلانی باشلاندی.

بو اورتادا اطرافدین قاچیپ کەلگەن بولوب، اورومچیدە آدام
سانی کوپویوپ، بازاربهاسی اورلەپ، قحطچیلك باشلاندی. شو
کونلەردە جڭشورین نىڭ اینیسی جڭشوشن بتون آشلقنی ییغیپ
آلیپ قمت بهادا خلققە ساتیپ پول توپلاشقا کریشدی. روس عسکری
نىڭ باشلیغی آنتینوف عسکر اوچون جڭدن آشلق سورایدو. جڭ
شوشین رد قیلیپ بەرمەیدی. آنتینوف بو اش اوچون جڭغا خاپا بولودو.
اچکی طرەفدین تاوەینیو، چڭجوڭ، جاڭشڭلار جاڭغا نارا ضیلق
پیدا قیلیدو.

کم نىڭ پلانی، کم نىڭ کورسەتمەسیدر کی؛ اورومچی نەن گوەن
دەتورغان 4 یوزگە قدر روس عسکری 4 — آی 12 — کونی اول
کولوك حکومت بیناسیغا هجوم باشلایدو. کوتمەگەن جایدین بو
لغان بو توپوقسز هجومدین چوچوگەن جڭشورین اوز اورنینی
اشلاپ مناس طرەفکە قاچیدو.

شو كونى كەچەدە روس عسكرىنىڭ باشلىغى باۋپىڭگودنىڭ چاقىرۋى آرقاسىندا مذكور روس عسكرى شتابىندا مجلس آچىلىب، جىڭ شورىن‌دىن قالغان حكومتنى اداره قىلماق اوچون بر واقتلى هيئت تشكيل قىلىندىلو؛ و شو مجلسده مذكور هيئتگه معارف ناظرى لو ون‌لوڭ رئيس؛ يانا بر تشكيل بولغان حربى هيئتگە، شرقى — شمالدىن كەلگەن عسكرلەرنىڭ باشلىغى. دىڭ چاڭ مدير بولوب سايلاندىلو. شونىڭ بلەن برگە بو هيئت طرفىدىن برنچى بتون اولكەدىكى هر بر ملتنىڭ مال — ملكى، حياتىنى محافظت قىلىش؛ ايكىنچى جىڭ شورىن‌نىڭ حياتى، مال — ملكىگە تەگمەسلىك؛ 3نچى سوۋيت كونسولخانەسىنى محافظت قىلىش دىگەن 3 قارار قبول قىلىندىلو.

شو كونلەردە شىڭ شى سەى عسكرىنى باشلاب اورومچىگە كىلىب قالدىلو. شىڭ شى سەى «واى منگا بر چوڭ منصب تعين قىلمادىلو» دەب خاپا بولوب جىڭ شورىن طرفدار بولوب قالىشىدىن اندیشه قىلغان بو واقتلى هيئت، شىڭ شى سەيگە بر منصب تعين قىلماق اوچون 14- آپرىل كونى فرقه بيناسىندا بر مجلس اوتكوزدى. بو مجلسده شىڭ شى سەيگە دوبەن (چىگرا مدافعه قوماندانى)لىك منصب تعين قىلىنغاندىن تاشقرى لوون‌لوڭ، لى‌روڭ، قاومىن‌يو، چىڭ‌جوڭ، چىڭ مەلى، لى‌شاوتەن، گاميلىگىن، باۋپىڭگود، شىڭ شى سەى، جاڭ فى‌يودن، جاڭ شىڭ، جاڭ مىن‌يوەن، نزەر (قمول واڭى)، حسين‌داى، منصور، عبدالقادير، اوجوڭ‌تىڭ، داموديىنچارس، جاوگولەڭ، ماڭ شاڭ، آباو، توشباو، گواڭلو بولوب 44 نفر آدام واقتلى اولكولوك حكومتنىڭ اعضاسى بولوب بەلگولەندىلو. و بو واقتلى حكومت طرفىدىن برنچى سياستدە، اقتصاددا، معارفدا هر بر ملتكە برابر حقوق بيرىلدىلو. ايكىنچى ملت اعتبارىغا قاراماى سايلام و امتحان قانونى بويىنچە هر بر ملت حكومت خدمتىگە قاتناشتورولدو. 3نچى خارجى حقوق مركزى حكومت قولىدا قاپشورولدو؛ 4نچى يىزا اقتصادىنى ياخشىلاماق اوچون دهقانلارغا ياردم بيرىلدىلو — دىگەنلىك 10 ماددالق بر سياسى پروگرامما اعلان ايتىلدىلو.

جىڭ شورىن هيچ كىمدىن فنا و ياردم تاپالماى 24نچى آپرىل كونى چوچەك آرقالى سوۋيت توپراغى ايلەنىيەن جىن‌گە باريب آلدو.

بوكونلەردە ماجوڭيى گوچوگغا كوچلوك هجوم قيلب توز
قان كونلەر بولغانلقدن شڭشي‌سەی 1000غە قدر روس عسكری
نی‌قوشوب 4000عسكر ايلە ماجوڭيى‌غا مدافعە كوردەك اوچون
26نچی مای كونی گوچوگغا يوروب كيتيدو. نتيجەدە‌يگيلب برنچی
ايون كونی اوروموچيگە قايتيب كيليدو. 2نچی ايون كونی سلح
سوراب كەلگەن تلغرامغا بنائەن شڭشی‌سەی اوروموچيدن ماجوڭ
يى قاشيغا حسين‌بای چانيشف، تورسون‌بابا، كرم‌خان، چاڭدەلى 4—5
كشينی وكيل قيلب ماڭدوردو.
بوكونلەردە باشدا يازيلغانچە ماجوڭيى، اوزيدن كوڭلى‌قال
غان خواجە نياز حاجم‌نڭ اوروموچيدە‌قورولغان ياڭی حكومتدن
خبرتاپيب، بوحكومت ايلە‌برلەشمەك قارارينی، بەرگەنينی بيلگەنمو،
اشنڭ آلدينی آلماق اوچون‌اورتادا‌صحبت‌اوتكوزمەكنی طلب قيلب
شڭشی‌سەی‌گە تلغرام سونغان ايدی. بوبارغان وەكيل لەرماجوڭ
يى‌ايلە كوروشوب مندا كيرە يورگوزوب، قايتشيدا اولارنڭ‌فكری
نی بيلمەك اوچون خواجە نيازحاجم، محمود محيطی‌لەر ايلە‌كو
روشوب، اولارنڭ فكرينی، مقصدينی آڭلاب اوروموچيگە قايتيب
كيليدو. وكورگەن‌ـ بيلگەنينی شڭشی‌سەی‌گە آڭلاتيدو.
ماجوڭيى‌ايلە‌خواجە‌نيازحاجم‌اورتاسی‌بوزولغانينی‌بو وكيللەردن
آڭلاغان شڭشی‌سەی «ماجوڭ يى‌غا قاراغاندا، خواجە نياز حا
جينی تورغا توشورمك آسان» دەب بيلب 2نچی نوبتدە‌حسين‌بای،
تورسون بابا، چاڭدەلى‌لەرنی خواجە نيازقاشيغە وكيل قيلب ماڭ
دوريدو. بوقيتم بووكيللەر ايلە خواجە‌نياز حاجم «قمولدن قەش
قەرغيچە بولغان جنوبی بربولك جای تورك انقلابچيلە ری ادارە
سی آستندا بولوش، تيەن‌شەن‌نڭ شماليدن خەنسولەر جنوبغا تجا
وز قلماسلق، خواجە‌نياز حاجمغە جنوبنڭ بتون ملكی، حربـ—ى
ادارە حقوقينی بريش، خواجە‌نياز حاجی ماجوڭ يى‌دن‌قطعی آي
ريلب چيقش» ديگەن مضموندا برتوختامغا كليدو. بو توختامنی
شڭشی‌سەی هم قبول كورودو. خواجە نياز حاجمنڭ «بوتوختام
انابتلك اشەنچلك بولسون اوچون چەتال‌آدەمی‌شاهدبولوب‌برگە
امضا قويسون» ديگەن طلبيگە بنائەن توركچە، خنسوچە، روسچە
3 تلدا يازيلغان بوتوختامغا سەوبت كونسولی همبرگە امضا قو

يوتودو. بو توختام بويىنچە خواجەنياز حاجىم حكومت ايلە بولغان سوقوشىنى توختاتىب، ماجوڭ يىنى گوچوگونى تاشلاب اوز عسكرى ايلە جنوبقا (آقتى شەهرگە) قاراب يوتكولودو.

## مركزدن كلگەن تسلى هيئتى وشلڭشى سەى

6— آينىڭ 10— كونى شلڭشى‌سەى وكيلى جاوگولەڭ، تولڭ باولەر ماجوڭيى وكيلى ياڭپىچىڭ ايلە، اورتادا توزولمەك بولغان بتىم شرطلرىنى اليب گوچوگونغا قاراب ماڭماق بولوب تورغان كونلەردە، شرقى توركستان مسئلەسينى توشونمەك و اونى حل قلماق اوچون مركز حكومتىدن خواڭموسوڭ، عيسى بەگ افنديلر وكيل بولوب اورومچيگە كلدى. بو كلگەن وكيللەرگە لوونلوڭ طرەفىدن بوقوزغولاڭنىڭ اوتموشى، وماجوڭيى ايلە توزولەچەك توختامنىڭ شرطلرى حقىندە داكلاد بريلدى.

بوكونلەردە ماجوڭيى بر طرەفدن تنچلق بتىم توزمەك اوچون توكيل كرگوزوب تورغان بولسىمو، يەنە بر طرەفدن اورومچينى نشانىگە اليب قاتتىق هجوم باشلاب تورغانلقىدن ياڭى تشكيل بولغان حكومت اربابلرى ماجوڭيىدن اوميدنى اوزوب، مركزدن كلگەن وكيللەرگە «دوبەنلك اورونىنى يوق قيلب، بر حربى هيئت توزسەك، بونىڭغا هر بر ملت قاتناشتورولسا، رئيس لوون لوڭ بولسا، قالغان آدەم، اونىڭ اورنىغا بر ياشراق آدەم سايلاساق» ديگەن فكرنى كورسوتودو. بوفكرنى ياقتورماغان شلڭشى‌سەى، بونو بت اوزينى برقاتىب قويماقچى، مركزدن كلگەن وكيللەر ايلە حكومت اربابلەرينىڭ مناسبتىنى كسمەك اوچون «مەنىڭ اورنومنى خواڭموسوڭغا اليب بيرەرمش، مڭا سوء قصد قلماق بولغامش» ديگەن بوهتان ايلە اولكەلك حكومت كاتيبى تاومين يو، حربى محكمە مصلحتچيسى چڭجوڭ، آيروپلان خانە باشليغى لى شاوتەنلەرنى آتيب اولتوردى. قالغان حكومت اعضالەرينى، «دوبەنلككە شلڭشى‌سەىنى، رئيسلككە لوونلوڭنى سايلادوق» دەب خواڭموسوڭ آرقالى مركزدن تصدىق قلدورماققا مجبور قلدى.

بوكونلەردە مركزدن كلگەن وكيللەر ايلە شلڭشى‌سەىنىڭ آراسى بوزولودو. شلڭشى‌سەى مركز وكيلى خواڭموسوڭ، عيسى

بەگ افندىنى، قاتتىق نظارت آستىغا آلودو. بو اورتادا عيسى بەگ
افندى امكانيت تاپقانچە اورومچىدەكى آقىلق زيالىلەر ايلە كو
روشوب يورت مسئلەسى حققىدە مذاكيرە يورگوزودو. كوپ آق
لىق زيالىلەر عيسى بەگ افندىگە «شىڭشىسەيدىن اوميد يوقلىقى
نى، شىڭشىسەينىڭ دوبەنلىك اورنىنى مركزدن تصديق اتدورمەس
لىكىنىڭ چارەسىنى كوروش لازملقىنى، بو حقدە عيسى بەگ افندى
نىڭ مركزگە بارىب چالىشماقىنى» تەوصيە قىلدى.

نتيجەدە خوالقەموسىڭ، عيسى بەگ افندى مىڭ برمشقت اچىندە
آيروپلانغا اولتوروب ناذجنگگە يوروب كتدى.

# عيسى بگ افندينىڭ يورت اوچون داخلدا اليپ بارغان انقلابى حركتى

عيسى بگ افندم كم؟ قايداق قيلىب خوالقەموسىڭ ايلە اورومچىگە
چىقىب قالدى؟ نيمە اش قىلغان دەپ داخلغا بارغان يورت اوچون
انقلابى خزمتنى اوز يورتىدا قىلماي نيمە اوچون داخلغا بارىب قىل
دى، بونىڭ سببى نيمە؟

عيسى بگ افندى بولسا، قەشقەر يڭى حصار ناحيەسىندە تو
غولوب ياش چاغلەرىنى شوندا اوتكوزگەن برآدەم، شودەورىندە
يڭى حصاردا بولوب تورغان چريكلىك، نەكسزلىك، حقسزلق احوال
لەر، توغمازيرە كلىكيدىنمو ـ عيسى بگ افندىگە ناتوغرى بـو
لوب سيزىلىدو. اونىڭ اصلاحى اوچون اوزينىڭ اقتدارى، تا پالا
غان چارەسى ايلە حركتكە كرشكەن بولسىمو، اما اوزينىڭ ياش
لقى، يالغوزلقى، و بوخىل اسكيلىكلەرنىڭ اوزوندىن يلتز تارتيپ
كەتكەنلىكىدىن موەففقيەتسزلككە اوچراشدن تاشقرى كوب حقا
رەتكە، هجومغا دوچار بولودو.

اسكيلىكلەرگە كوز يومەوب تورسا، وجدانى عذابلانغانلىقىدىن
اونوڭ اصلاحى اوچون بيرەر حركتكە كيريشمەكچى بولسا، امكان
بەريلمەيگەنلىكىدىن چارە توشونەلمەك، دنيانى آڭلاماق اوچون قولغا
كەلتورگەن برفرصتتىدن فايدىلانىب 19 ياشىدا غربى توركستان
غاچىقىب كيتيدو. اوندا برنچەيل تورغان زمانلەرىدا، شرقى تور
كستانغا نسبتا كوب آلغا كتكەن غربى توركستاندەكى ملتچى،
انقلابچى ومنورضيالىلارنىڭ اورتاغا چىقارغان تورلى ايقىملەرى ايـ

لەغانیشیدو، کوزی آچیلیب دنیانی ئانیدو. عنایقا سالغان اونده
ئکی‌مسئلە، یالغوز یڭی‌حصار مسئلەسی امەس، بوبر عمومی‌تور
کستان مسئلەسی ایکەنینی و یڭی‌حصارده کیلەك اوشاق مسئله
لارنی حەل قیلماق اوچون عمومی برچوڭ مسئلەنی حەل قیلماق
لازملیقینی آڭلایدو.
آخری بومسئلەنی حل‌قیلماق اوچون برنشانە وبونڭ وجودغا
چقماقی اوچون براوصول استەیدو. نشانە، بریوللا آیریلشمو،
یاکی کیشەندن پوت — قولنی برآز بوشاتیش بولسونمو، اگر
آلدنقی نیشانەگە یەتمەك توغری کەلسە، اوز کوچیمزغا سویونە
مزمو، یاکی باشقالارنڭ کوچیگە، باشقاغا سویونگەندەکمگە،
نتیجە نیمە بیریدو؟ اگر کیینکی نشانەگە یەتمەكتوغری‌کەلسە،
بونی قایسی اوصول ایلە قولغا کەلتوریمز، قان توکوش اوصو
لی‌ایلەمو، بونڭ اوچون قان توکوشکە ئەرزمدو دیگەن مسئله
لەر اوستندە کوب اویلادیب، نتیجەدە منور عرقداشلارنڭ مصلحتە
نی کوروب، تاریخی تجربە، یورتنڭ جغرافیە محطی‌نی اعتبار
غا الب کیینکی نشانە (ملی مختاریيات) گە، بونڭغا یەتمەك او
چون، تداۋی اوصولیغا قرار بیریدو.
بونڭ اوچون عیسی‌بەگ افندینڭ اندیجاندا بولغان‌کونلەری
چین کونسولی آرقالی جڭشورین‌غا قاریتا؛ برنچی نوبت مرکز
نەن‌جین‌گە بارغاندا، مرکزگە قاریتا یورتدەکی سیاستنی تیگش
تورمەك اوچون الب بارغان حرکتی تورکستان حکومتینڭ قارالی
غندن، مرکزنڭ مسئلەنی آڭلاب یتالمیغانلقدن‌موافقیتسزلککە
اوچرایدو.
ایلی‌غا کەلگەن کونلەری، ایلیدا بولغان آڭلی‌منورملتچیـ
لاردن بولغان مسعود صبری ، حسین‌بای کبی کشیلەرنڭ توصیە
سی ایلە 1932 نچی یلی 25یاشندا 2 نچی نوبت مرکز نەن جین
گە باریدو. مرکزگە بارغان کوندن اعتبارەن یورت مسئلەسینی
آرزو تیلەکلەرینی مرکز کاتتالەریغا آڭلاتماققا کیریشیدو. امما
مرکزنڭ قولی بوش بولمیغانلقدن وبوتیلەك آرزولەر یالغوزعیسی
بەگ افندینڭ آغزیندن چققانلقدن مرکز اوقدر اهمیت بەرمەیـ
دو. بونڭاوستیگە جڭ شورین نەن جین دەکی اوزینڭ طرەفدار

لەرى آرقالى «عيسى بولسا كامونيست» دەب قاتتق قار شيلق كورسوتيلدو.

بواورتادا عيسى بەگ افنديننك «اگر مركز بومسئلەگەاهمـيتسز قارار ايكەن، كەلگوسندە زور انقلاب چيقيدو، يورت زور خوف آستندا قاليدو» دەب بيان قيلغان سوزلەريني راستقا چيقاريب يورتدا زور انقلاب باشلانيدو. مسئلە بارغانسرى اغرليشيــدو. توركستان مسئلەسى مركزننك دققتيني جلب اتكەنلكدن، عيسى بەگ افنديننك سوزلەرى برببر كيلە ياتقانلقدن آوبرنرسە بيلەلمىغــان آدام اوخشايــدو ديــگــەنمو توركستان مسئلەسيني حل قيلماق اوچون خوالمەو سلكغا قوشوب عيسى بەگ افنديني اوروەچيگە چيقاريلدو.

بوقاتيم عيسى بەگ افندى اوروەچيدن قايتب مركزگە بارغاندن باشلاب ثلكشىسەى نلك دوبەنلك اورنيني تصديق اتــدورمەيلك اوچون قاتتق كوردش الب باريلدو. بويورت دعواسى اوچون يالغوز برآغزنلك كافى كەلمەسليكيني نظرگە الب «چيني وزكستان آوازى» ناملى برچينچە، توركچە مجموعە چيقاريب، ونلك آرقالى شلكنلك تورلى خيانت، جنايتلەريني اعلان قيليدو. توركستان انقلابچيلەريغە تورلى توصيەلەرنە بولو نودو. توركستان مسئلەسيني حل قيلش چارەلەرى حقندە مركزگە تيلەك بيان قيليدو.

بوكونلەردە قوغلانغان جلكشورين نەنجينگە كيليدو. اشــەنجندە جلكشورين اوز طردفدارلەرى آرقالى توركستاندا شلكشىسەى خلق نامندن عرض يازيش اوصولى ايلە «عيسى جهانگر قويروغى يمان آدام» دەب غزيتەلەرگە يازيب قاتتق قارشيلق الب باريلدو. بونلك سرتندا عيسى بەگ افندم قاشندا بولغان برتوركستانلق يورتداشيني ساتيب الب، «عيسى جهانگير قويروغى، استقلالــچى» دەب مركز ادارەلەريگە عرض يازدورتودو. عيسى بەگ افنديني دخى تولوق توشونوب كيتالميغان مركزى حكومت، عيسى بەگ افنديني حربى، ملكى سودقا تاپشورودو، خدمتدن بوشونودو. مجموعەسيني قاپاتيلدو. آخرى بعضى بر حكومت كاتتالەرىنلك ياردەمى وباشقاسبيلەر آرقاسندا سوددن قوتولودو.

بوكونلەردە عيسى بەگ افندى بەك سقىلىدو، قافىلىدو. شونـ
داق بولسىمو، حركتىندن قالماى لانجو، دونگخوانگ، هندستان قا
تارلى جايلاردن قافىلىب، سوقولوب يورگەن توركستانلىق ياش
لارنى آلدو روب تو پلاپ او قوتو دو، مكتبلەرگە كرگوزودو.

اورتادا چين، ياپون سوقوشنى باشلانىب، مركزى حكومت
چونگچنگغا يوتكولودو. عيسى بەگ افندى بورونقاپالغان «چينى
توركستان آوازى» ناملى مجموعە اورنىغا چونگچنگدا «اوروش
خبرى» ناملى مجموعە چيقاريب يانا بورونقى حركتيگە مشغول بولودو.

# شنگشىسەى بلەن ماجونگيى اورتاسندا بولغان كوردش

باشدا ايتيلغانچە، مركز وكيلى خوانگ موسنگ، عيسى بەگلەر
قايتيب كەتكەندن صونگ، 8 نچى آيدا ماجونگيى گوچوگدا تو
روپ تنچلق توختام توزومككە يانا وكيل كرگوزودو. بونگدن
نتيجە چقمايدو. بو كونلەردە ماشىمىن كوچ تاپيب قاراشەرنـى
خواجە نيازحاجمدن تارتيب الب، كورلىغا قدر يىتيب باريدو. شنگ
شيسەينك «اگر مينك دوبەنلك اورنومنى تصديق قيلماساڭلەر،
بويورتنى باشقالارغا بريب تاشلايمەن» دەپ قستاپ تكرار تليغرام
ايبەريشى آرقاسندا، مركز حكومت ناعلاج شنگشيسەينك اورنىنى
قبول قيليدو. مركزدن تصلى هيئتى صفتيدە 2 نچى نوبت خارجى
اشلەر وزيرى — لوون گوەن؛ 9 نچى آينك 2 نچى كونى او
رومچيگە چىدو. لوون گوەن، ماجونگيى ايلە صحبت اوتكوزمك
چى بولوب لىروڭ وماجونگيينك اورومچيدەكى وكيلىنى الب 9 نچى
كونى تورپانغا توشودو. ماجونگيى داغ — دوغا ايلە قارشى آلو
دو. شندا كيرەدن صونگ، ماجونگيى مركز حكومتكە قطعى بوي
سونو ديغانلقيغا، سوقوشنى توختوتوب تنچلق ساقلايديغانلقيغا
وعدە بيريدو. ماجونگيىغا شرقى يول جنگبى سيلكنلق وظيفە تاپـ
شورولودو.

لوون گوەن اورومچيگە قايتيب كەلگەندن صونگ، «ماجونگيى
ايلە لوون گوەن برليشب براش چيقاريب قويماسون» دەپ گمان

لالغان شىڭشىسەي : «ماجوڭيڭدا بىرلىشىش دىگەن نەرسە يوق ئىدى
ئاللادىڭو» دەپ تورپاندا بولغان توختامنى بوزۇپ تاشلايدو. لوڭگۇ
گوڭنىڭ شىڭنىڭ ئالدىدا ھەقۇ قىسمى ئىدى نەن جىن گە قايتىپ كىت
دىلتو.

بۇ كۈنلەردە ماجوڭيڭ تورپان، پىچان، قاراشەھەر، باركول قتار
لىق جايلارنى قولىدا تۇتۇپ، اونىڭ عسكرى توزۈپ، بىر بولوم عسكرى
نى ماخى يىڭنىڭ قوماندانىسى ئاستىدا ئالتاي غا ماڭدورودو. يەتابىر
طرەفدىن غولجەدە تورغان جاڭپىيوەن ايلە مخفى علاقە توزۈپ
اوروەمچىگە ھجوم قىلماقا حاضرلىنىدو. نتىجەدە 9نچى آينىڭ 20ـــ
كونى ماجوڭيڭ اوروەمچىگە ھجوم باشلايدو. سوقوشدا شىڭ مغـ
لوپ بولودو. مانجوريە (شرقى ـــ شمال)دن كەلگەن عسكرلەر
سوقوشدا اونچە فعاليت كورسەتمەيدو. بۇ سەببدن «بولارنىڭ ماجوڭ
يى ايلە نيتى بىر بولسا كېرەك، شونىڭ اوچون اوبدان سوقوشوپ
بەرمىدى» دەپ گمان قىلغان شىڭشىسەي مانجوريەدن كەلگەن
عسكرلەرنىڭ باشلىغى روكچلك، يلكجەنون، سوگو قتارلىق باشلق
لاردن 20آدامنى قماقا آلودو.

آلتاينى قولغا آلغان ماخى يىڭ چوچەك، مناس قتارلىق جايلەر
نى قولغا توشوروپ؛ داوانچىڭدن اوروەمچىگە ھجوم قلغان ماجوڭ
يى ايلە بىرلشەلمەي كېرىشدو. ايلىدن جاڭپىيوەن عسكرينى
باشلاپ اوروەمچىگە قاراپ شىڭشىسەيگە قارشى ھجوم باشلاي
دىو ديمك شىڭشىسەي 4طرەفدىن محاصرە ايچىدە قالىدو.

1934نچى يلى 1 ـــ آينىڭ 12 ـــ كونى، ماجوڭيى اوروەمچى
شەھرىگە ياسىپ كيرىپ نەن گوەن بازارى، آيروپلانخانە، راديو
خانە قتارلىق جايلارنى اشغال قىلدى. شىڭشىسەي بوخوفلىك كون
لەردە چەت ئەلدن ياردم كەلتورودو، چوچەك طرەفدىن اوچوپ كىلى
ديغان آيروپلانلەر ھر كونى اوروەمچى اوستىدە اوچوپ يوروپ، ما
جوڭيى عسكرينى بومبا، پوليموتقا توتودور. اوروەمچى بىر آى
قدر محاصرە ايچىدە قالغان بولسىمو، اما چوچەك طرەفدىن كەل
گەن نامعلوم روس عسكرلەرى جاڭپىيوەننى يوق قىلىپ سانجى
دن تارتىپ ماجوڭ يى ايلە سوقوش باشلايدو. بولەرغە ھوادن آيرو
پلان ياردم قىلىدو. نتيجەدە ماجوڭيى مغلوب بولوپ داوانچىك

قاچكينىدو. شىڭشىسەي مناس، قوتوبى، سانجى دا ئاولتوروشـ
قوتى بى گناھ تونگانلەرنى قتلعام قىلدوروب، خاتون ـــ قز و
10 ياشدىن يوقارى ار لەرنى كچەسى اويىگە كىريب اولتور گوزوب
تاشلايدو. ماجوڭيى شومغلوب بولغانچە قەشقەرغە چيـكينب
باريدو:


## خواجە نياز حاجم نڭ جنوبقا يـــوروشى

خواجە نياز حاجم قزل خواجە تاغىدا توروب، شىڭشىسەي ايلە پوتو
شوب توختام توزگەندىن صوڭرە، ماجوڭيى ايلە شىڭشىسەي نى
اورومچى طرەفدە تاشلاب، قەشقەرغە اوتوب كەتمەك بولوب توڧ
سونغا قاراب ماڭغاندا، ماجوڭيى نڭ عسكرلارى قوغلوشوب كيلب
توقلاب سوقوشيدو. برطرەفدىن سوقوشوب، برطرەفدىن سفرينى
داوام اتدوروب، قاراشەرگە باريب آلودو. بوكونلەردە كوچاروانڭى
محفوظ بەگ قاراشەرگە كيلب، حاجم ايلە كوروشوب «كوچار اطرافينى
مەن اوزوم آلدم، موشو 15 ناحيەگە مينى باشلق قيلب بلگوليمەـــ
سە، حاجمغا اطاعت قيلمايمەن، باش اگيمدە توروب الب، هيچ كە
نى اوتكوزمەيمەن» ديگەن مسئلەنى ارتاغا تاشلايدو. حاجم بـــو
كشيگە: «حاضرمەن پالان جايغا چوڭ بوليمەن دەب منصب تالاشيدي
غان وقت امەس، آلديمزدا كوب اش بار» دەب نصيحت قيلسامو، بو
آدام جاهيللق قيلب توروب آلغانلقدىن، آخرى اچكى اختلاف چقب
قالماسون دەب حاجم بوكشينڭ قوليغا «سز 15 ناحيەنڭ خواجەسى»
دەب خط قيلب بيريدو. خواجە نياز حاجم قاراشەردە برآي توروب، آقسو
دەكى انقلابچى اسمائيل باي آخونغا، قەشقەردەكى گينرال تمور
گە خط يوزيدە يول ـــ يوروق كورسوتوب تورودو. بو اورتـــادا
محمود محيطى تورپانغا توشوب برنوبت ماجوڭيى عسكرى ايلە سنو
قوشوب مغلوب بولوب قايتيدو. حاجم قاراشەردن يڭى حصارغە
يوتكەلگەندىن صوڭرە، محمود محيطى ايلە تونگان عسكرلەرى
اورتاسىدا باش اگيم ديگەن جايدا قاتتق سوقوش بولودو. ايكـ
كى طرەفدىن كوب آدام چيقم بولودو. حاجم نڭ عسكرلەرى قارا يول
هونقايتب بارغاندا، اسمائيل باي آقسودن عسكرينى باشلاب كيلب
بولاقغا قوشوليدو. هاجم ايلە اسمائيل بايلار برتاغ اوستدە توي
قاندا، غايبدىن براوق كيلب اسمائيل بايغا تيگيدو. آقسو انقلابـ

لدا كوپ كوچ كورسەتكەن بو آدام بوندا شهيد بولودو. بو اوقنىڭ اچكى آداملەرندىن چىققانى ياكى چەتدىن كەلگەنى معلوم بولمايدو.

بو واقعەدن صوڭره، حاجملار اوچطورپانغا يوتكولوب بوجاى داتورۇپ مال اوتكوزوب چەت دولتدىن قورال ساتيب آلودو.

## قەشقەردە „شرقي توركستان جمهوريتى" نىڭ قورولوشى




جمهوريەتنىڭ دولت تامغاسى

خواجه نياز حاجم اوچطورپانغا كيلب تورغان كونلەردە، تومور اولتورولگەندىن صوڭ اونوڭ قاماغىدىن چىققان ثابت داملا قەشقەر كهنه شهرنى ماجەنسەندن تارتيب آلودو. ثابت داملا بولسا، خوتەن، ياركەندلا اشغال قيلنغاندىن صوڭره، گينرال تومورنى زيارت اتمەك بولوب قەشقەرغه كەلگەندە، فكر، مسلهكدە كەلشالميغاندىقىن تومور طرەفدىن قامالغان ايدى. تومور اولگەندىن صوڭ آزاد بولودو.

بو وقتقا قدر يعنى قمولدا انقلاب چىققاندىن باشلاپ شو كونگه كەلگونچه بو انقلابچىلار طرەفدىن بر رسمى تشكيل يا كى بر حكومت اورنى قورولميغان ايدى. بر مركزلك ادارەسينڭ يوقليقىدىن كوپ زيانچەككەن ايدى. شونڭ اوچون بتون انقلابچىلارنىڭ حركتينى بر مركزگه باغلاماق، ياخود بر بويروق، بر حكوم آستيغا آلماق و بتون انقلابچيلارنڭ باشينى بر اورونغا باغلاپ قالغان انقيلابى خذمتنى بو حكومتكه تاپشوروب تورۇب داوام قيلدورماق اوچون آقساى باملى ثابت داملا و اوزاطرافىدا بولغان منور ضيالى آداملارنى اوبوشتوروب، «شرقى توركستان جمهوريتى» ناميدا بر حكومت قوروشقا كريشدو. بو حقدە بول ـ يوروق سوراپ، آقسو طرەفكه كيلب قالغان خواجه نياز حاجمغا وكيل ماڭدوروب، 1933 نچى يلى 11 نچى آى نىڭ 12 نچى كونى كيچه سى مجلس

اچىب «شرقی تورکستان جمهوریتی» حکومتینی رسمی تشکیل قیلب، بو حکومتنىڭ قانون ومسئول آدامەلەرینی بەلگولەب چقیدو.

نتیجەدە رئیس جمهورلققا خواجە نیازحاجم، باش وەکیللككە ثابت داملا، آرکانی حربیە رئیسلیکیگە محمود محیطی، داخیلی ناظرلقیغا سعیدزادە یونس بەگ، خارجی ناظرلقنا قاسمجان حاجی، معارف ناظرلیقیغا عبدالکریم خان مخدوم، حربیە ناظرلیقیغا اوراز، اوقاف ناظرلیقیغا شمس الدین توردی حاجی، عدلیە ناظرلیقیغا ظرف



شرقی تورکستان باش وەکیلی ثابت داملا
باشلىق حکومت ئەربابلاری

قاری حاجی، زراعت تجارت ناظرلیقیغا ابوالحسن حاجی، مالیە ناظرلیقیغا علی آخون بایلار سایلیندی. شو کونکی کەچکی مجلسدە «شرقی تورکستان مرکزی استقلال جمعیتی نىڭ نظامنامەسی»، «شرقی تورکستان دولت قورولیشی»، «شرقی تورکستان دولت قورولیشینىڭ بیاننامەسی»، «نظارتلەرنىڭ نظامنامەسی» و «شرقی تورکستان استقلال جمهوریتی نىڭ آساسی قانونی» تصدیقلەندی.

نەرتەسی زور خلق یغینی چاقرلیدو. جمهوریت حکومتینىڭ آساسی قانونی اعلان قیلیندو. بونىڭ شرفی اوچون 41 قاتیم توپ ایتیلیدو. توپلانغان خلق آلدیدا شرقی تورکستان جمهو

ريتى اوچون قبول قيلنغان «آى؛ يولدوزلوق كوك بايراق»ناغرا، كارناى ايله آيگز آسيلدو. ملى موزيقالەر چاليندب مكتب باليلارى طرەفندن «بايراقمز كوك بايراق؛ اوردومز آلتون اوردو؛ توركستان توركنڭ يوردو؛ توركنڭ اولاچاقى» ديگەن شعر اوقولودو. ثابت داملا، محمدجان آخون، موسى افندى وباشقالر طرەفدن خلققە نطق سوزلونودو. شوكونكى يغيندا 8.000 عسكر، 13.000 خلق قاتناشيدو.

## خواجەنياز حاجم نڭ قەشقەرغە تكلف قيلينيشى

قەشقەردە «شرقى توركستان جمهوريتى»نى قورغان ثابت داملا باشلق انقلابچيلەر اوزآرامصلحت قيليشيب، خواجەنيازحاجم نڭ شڭشى سەى ايله توزگەن اتتفاقيني بوزوب، شڭشى سەى نى آغدوروب تاشلاشقا قرار بيريشب، بومسئلەلەر اوستدە يول يورۇق سوراب محمود نام بەگ افنديني خواجە نياز حاجم قاشيغا ايبەريدو. حاجم بو كونلەردە اۆچطورپاندا بولوب، مەسول حاجى، حمدالله آخونلەرنى چەت دولتكە چيقاريب مالغاقرال تيگيشب تورغان كونلەرى ايدى.

اۆچطورپاندا، حاجم بووكيل بولوب كەلگەن محمود نام افنديدن، قەشقەردە قورولغان حكومت احوالندان خبر تاپيب، بو قورولغان شرقى توركستان جمهوريتيني قبول قيلب، تاغيولى ايله قەشقەرغە كيلب توشودو. ثابت داملا باشلق بتون قەشقەر خلقى آلدىغا چيقب نها يتى زور داغـدوغا ايله قارشى آلودو.

خواجە نيازحاجم قەشقەردە ثابت داملا باشلق بتون كاتتالەر ايله مذاكرە يورگوزوب، بو قورولغان حكومتني قايداغ قيلب مستحكملەش، موندن صوڭ قايداغ اش آلب باريش خصوصندا تيگشلى قرارلەر قبول قيليدو. چەت دولتلەر ايله دوستلوق علاقەباغلاش، تيگشلى دولتلەردن قورال سوراماق اوچون خارجى ناظر قاسمجان حاجيني تويندەكى بويروق ايله شرقى توركستان حكومتى نامندان وكيل قيلب چەت دولتكە ماڭدورودو. شو واقتدا بريلگەن بويروقنڭ اصلى نسخەسى توبنديكيچە:


«شرقی تورکستان جمهوریت رئیسی، جنوبی تورکستان باش قوماندانی
خواجه نیاز حاجیدن:

اوشبو گەن منشورە نڭ مضمونی اوشبو کی، اهل ختندن سوداگر قاسم جان حاجی ولد بردی حاجینی خارجی وظر قیلب بەلگولیدوق. بوقاسم جان حاجینی مینڭ تابعەلرمدەگی تمام حکومت اوستیدە تورغوچیلار اوز اورنومدا خارجی ناظر دیب بیلیب، خارجیدن یاراغ الیب کیلیدیغانغا لازملق آلتون، کموش، جای نماز و ایبە ریدیغان روپیە قتارلی لازملقلرینی پادشاهلق خزینەدن راسلاب تیار قیلب بیرە سزلار. ویانا بوقاسم جان حاجی خارجی یورتلردن ضرورلك بلەن خرج چەن پول ایبەریش قیلاقیب، سوداگرلەردن، یاکی خارجی حکومت بانکالرندن پول الیب، بوخوی چەن گە قایسی حکومت اورتاغا کیلیب ریپسکە بەرسە، مذکور ریپسکە الیب کەلگوچینڭ پوللەرینی تەخیر قیلمای پادشاهلق خزینەدن تاپشوروب بیرەسزلەر. ویانا سز قاسم جان حاجی مو بزلەرگە حدود و هم غیری حدود اقلم پادشاهلەری تورکیە، آفغان، ایران، انگلیس، آمریکا، یاپون، گرمانیە فرانسیە، ایتالیە، روسیە قتارلی اقلم پادشاهلەری ایلە کوروشوب بزلەرنڭ بو یاکی شرقی تورکستاندن ظهور قیلغان حکومت اسلامیە جمهوریتی نڭ بو اقلم پادشاهلەری ایلە دوست - آشنا رابطەلەرینی اظهار قیلیب، اوز حدود تابعەمزنی محافظت قیلماق اوچون لازملق قدر یاراغلەریمزنڭ کامچیلیقیدن اوز اورنومدا یوقاریدا ذکری بولغان مذکور اقلم پادشاهلەرینڭ حضور خدمتلاریگە مذکور قاسم جان حاجینی وکیل قیلب ایبەردیم. هر قایسی پادشاهلەر مذکور وکی لیمزنڭ وکالتینی قبول توتوب، حضور عالیلەریدن سوراغان یاراغلارنی التفات قیلب، سوراغان قدر ملتق، پولیموت، زخلی آفتوموبیل، آیرپلان قتارلی یاراغلەرنی تاپ شوروب بروب اوز حدودلەریدن سلامت اوتکزوب بیریشلارینی اومید قیلامز. مذکور یاراغلارنڭ قمتینی مذکور قاسم جان حاجی وکیلیمزدن تاپشوروب آلورلار. سز قاسم جان حاجی مو، خارجی نظارتینی سهولت لك قیلمای آگاهلق ایلە حکومت قانونغا موافق باشقا اقلم پادشاه لەری هم کیزمیللاری بلەن یاخشی مواسا قیلاسز دیب منشور نامە حجت بیریلدی.

۱۳۵۳ سنە جمادی الاول آی نڭ ۱۵ نچی کونی»

**جمهوریت نامیدن واقتلی آقچا چیقاریلدی. تشویق اشینی الب بارماق اوچون «استقلال» ناملی بر مجموعە نشر ایتیلدی. حکومت اشلەری یولغا سالینیب، عسکرلەر هاردوق آلــدی تولغانیدن صونگرە 1934 — یلی رمضان آیی نڭ 27 — کونی قەشقەر یاکی شهرنی ماجەنسەندن آلماق اوچون محمود محیطی بو**

سف‌جان، اورازله‌رنڭ قوماندانلیغیندا شهرگه هجوم باشلانیلدی.
یاڭگی شهر دخی اشغال قیلینمای توروب، اوروملچیدن قاچقان ما
جوڭ‌یی‌نڭ عسکری قه‌شقه‌رغه یېقینلاشیب کیلیب قالیدو. ماجوڭ‌یی
غاقارشی خواجه نیاز حاجم، امیر صاحب (محمد امین داملانڭ ئه‌ــ
اینیسی) بر بولوم فیدائیله‌رنی باشلاب فیض آبادقا قاراب یولغا
چقیدو. چیچه‌ك دیگه‌ن جای نڭ اودولیدا سوقوش باشلانیب خوا
جه‌نیاز حاجم یېڭگیلیب به‌ش کرم‌گه چیکینیدو. نتیجه‌ده حاجم،
ثابت داملا باشلق حکومت کاتتاله‌ری کهنه شهرده محاصیره ایــ



شاه منصور محرّملاری بلـه‌ن

چندله قالیدو. آخری کهنه شهرنی ماجوڭ‌یی‌غا بوشوتوب بیریب
باشقا طره‌فکه چیقیب کېتمه‌ك بولوب تورغاندا، ثابت داملام:
«بر آزصبری قیلایلی، مه‌ن: اوراز، یوسف جان، زه‌یدن آخون،
کیچك آخونلار نی یېغیب کیله‌ی، علاجی بار کهنه شهرنی قوندا تو
توب تورایلی» ده‌ب چیقیب کیتیدو. اولارنڭ توپلونوب کیلیشینی
کوتوب تورالمیغان خواجه نیازحاجم کهنه شهرنی تاشلاب یاڭگی

حصارغا يوتكولوپ آلودو. ويانگى حصاردا ثابت داملامغا « سەن عسكرلەرنى توپلاپ بوندا تورغين»دەپ اوزى يارکنتگە يوتكولوپ آلودو. بوآرالقدا هيچ كمدن مصلحتسز يوسف‌جان‌آزراق عسكرى ايلە كهنە شهرگە كيريپ الغان تونگانلارغا هجوم باشلاپ اخرى قاچيپ چيقتو. بوسببدن ماجونگ‌يى کهنە شهردە ٤٥ دن ارتوق ادامنى اولتورو روپ، خلقنينگ مال — ملكينى بولاڭ — تالاڭ قيلدو.

بواورتادا خوتەن انقلابچيلەرى دن منور قهريمان ياش‌يگت امير صاحب (نور احمد خان) ياڭى حصاردا محاصره اچندە قاليدو. ياڭى حصارغا هجوم باشلاپ؛ محاصره اچندە قالغان امير صاحب قا ياردم بەرمەك اوچون يارکند دين شاه منصور، تاش بالقدين ثابت داملام، عبدالرحمن قور باشى و محمود محيطى لەر 3 يول ايلە هجومغا يوردو. الڭ الدى ايلە ياڭى حصارغا هجوم قيلپ كرگەن شاه منصور شبۆيت داروخانەسى الديغا يتيپ بارغاندا اوق تيگيپ بر قانچە عسكرى ايلە اسير توشودو. بوننگ ارقاسندن هجوم باشلاپ كرگەن محمود محيطى، يوسف جانلەر سوقوشدا مغلوب بولوپ چيكينيپ چيقيدو. نتيجەدە يالغوز محاصره اچندە قالغان قهريمان امير صاحب شهيد بولودو. بو واقعەدن صوڭره خواجە نياز حاجم، محمود محيطى باشلق بتون انقلابچيلار يارکندگە يوتكولوپ الودو.

ماجونگ‌يى قەشقەرنى بتونلەى اشغال قلغاندن صوڭرد؛ قەشقەر علمالرندن بر قانچەسينى وكيل قيلپ اتفاق توزمك اوچون يارکند حاجم قاشيغا ايبەريدو. اما نتيجە بەرمەيدو. بواورتادا خوتەندن امير حضرت محمد ادين داملام يارکندگە كيلپ حاجمنى زيارت قيليدو. وانقلابى خدمت اوستندە مذاكرەلەر يورگوزودو.

اشبو جايغا يتيپ كەلگەندە، بورون قەشقەردە قورولغان شرقى توركستان جمهوريتينڭ حكومت تركيبگە چاقريلماغان بعضى انقلابچى گانتالرنڭ اشقا سوست قاراغانلقى وبعضى بوزغونچى ادامەرنڭ اورتاغا كيريپ فتنە — اغوا توغدورغانلقى، وبوننڭ اوستندە بعضى قوماندانلەرنڭ باش — باشتاقلق قيلپ

اوزیچه اش الب بارغانلیقی ارقاسندا اورتاده‌کی اتتفاق بوزولو
دو. قه‌شقه‌ر قولدن کته‌تکه‌ندن صوك بعضی کاتتاله‌ر قورقوشوب
قاراشیب کیتیدو. چاقوچیلق ارقاسندا رئیس جمهور حاجم ایلـــه
باش وکیل ثابت داملام اورتاسندا برلك بوزولودو. ماجوكـیـــی
نی قوغلاب کیلیواتقان شك شی سه‌ی عسکری اقسو غا کیلـــب
قالیدو.

بو کونلرده خواجه نیازحاجم، «هندستانغا چیقب که‌تسه‌ك قایـ
داغ، یاکی بوروں توزویشکه‌ن توختام بویچه شك شی سه‌ی
ایله برگه بولساق قایداغ» دیگه‌ن خیالغا توشوب؛ آخری شك
شی‌سه‌ی ایله برگه بولماق قرارینی بیریب، اوزی برطره‌فدن چت
دولتدن قورال آلماق وکلیواتقان شك‌شی‌سه‌ی‌عسکرینك احوالندن
خبر تاپماق بولوب تاش قورغان طره‌فکه باریدو. بوندا چه‌ت
دولت ایله خبرله‌شکه‌نده، قه‌شقه‌رده قورولغان، چه‌ت دولت یاخشی
کوره‌یگه‌ن «شرقی تورکستان جمهوریتی» حکومتیگه قاتناشقانی
وبو حکومتکه مسئول بولغانی اوچون خواجه نیاز حاجـــم دن
به‌ك خاپا بولغان وخواجه نیاز حاجم اوستندن زور شبهه‌گه‌توش
که‌ن چه‌ت دولت آدیمی، خواجه نیاز حاجم‌نك قورال سوراپ قیه
غان التماسیغا «بز قورالنی شك شی سه‌ی‌گه تاپشورغانمز، شك
شی سه‌ی دن باریب آل، بز اورتادا گواهلق اوچون امزالتکه‌ن
توختامغا رعایه قیلمای، قه‌شقه‌رده استقلال حکومت قوردیگز» ده‌ب
جواب قایتورودو. بونگغا قاریتا خواجه‌نیازحاجم‌نك‌اوزینی‌آقلاب،
اولارغا اوزینی ایشه‌ندورمه‌ك اوچون «بوحکومتنی مه‌ن قورمادم،
ثابت داملا قوردی، مه‌ن آریلاشقان امه‌سمه‌ن» ده‌ب ایتقان سوزیـ
گه آساسلانیب، چه‌ت ال آدیمی اگر سز بو اشقا آریلاشمیغان بول
سیگز، جهانگیرگه ساتیلغان ثابت داملا، محمد امین کبی آداملر
نی شك‌شی‌سه‌ی‌گه توتوب به‌رگین، آندن بزسزگا ایشه‌نیمز» ده‌ب
حاجم‌نی قستایدو. اگر توتوب‌به‌رمه‌سه، اوزی‌هم‌برگه‌بولارنك‌آلدنـ
دا‌ملاك‌بولاچاغینی‌وشوندا‌ق‌قلمیسا‌اولارنی اوزیگه ایشه‌ندورمه‌ك مه
کینا مه‌سله‌کینی کوزده‌توتوب، خواجه‌نیازحاجم ناعلاج ثابت‌داملام‌باشـ
لق کاتتاله‌رنی‌توتوش اوچون محمود محیطی‌غا بویروق بیریدو،
خواجه نیازحاجم‌نك موندا‌ق اویشتومتوت اوزگوروب، باشقالار آلدنـ

ملدا تسلیم بولوب، ثابت داملانی توتوب بەرگەنیگە کوب انقلاب چیلار ناراضی بولودو. بواورتادا بونگغا اوخشاش سەببلەر آرق-ا سیندا امیر حضرت، محمد امین داملام اوز عسکرینی الپ خواجە نیازحاجمدن آیریلب خوتەنگە یوروب کیتیلدو. یوسف جان تـاش قورغانغا چیقیپ آلودو. قرغز اوراز تاغقا چیقیب آلودو.

خواجە نیازحاجم آقسوغا کیلب توشکەن شڭشی سەی عسکری ایلە برلەشمەك اوچون مارالباشیغا یوتکولودو. قەشقەردن سورو لوب یارکند، خوتەن طرەفکە یورگەن ماجوڭیی عسکرلـەری امیر حضرتمگە شدتلی هجوم باشلایدو. نتیجەدە قانلی سوقوش لار دوام قیلپ، خوتەن انقلابچیلاری مغلوب بولودو. محمد امین داملام هندستانغا قاچیب چیقیب آلودو. یارکند، خوتەن ماجوڭ یی نڭ قولیندا قالیدو. شونداق قیلپ قەشقەردە قورولغان شرق-ی تورکستان جمهوریتی حکومتی ازـ اوزیدن ییقیلیدو.

## شڭشی سەی قووەتی نڭ التی شهرنی اشغال ایتیشی

خواجە نیازحاجم آقسوغا کیلب؛ وا لی نیاز بەگ، تودن جاڭ قربان نیاز ایلە برلکدە مصلحت قیلیشب، شڭ شی سەی عسکری ایلە برگە قەشقەر ماجوڭیی غا هجوم باشلاماقچا قرار بیریلدو. نتی جەدە مارالباشیغا قاراب هجوم باشلانغاندا؛ بوندەکی تونگانلەر سوقوشمای یارکندگە اوتوب کتیدو. قەشقەر اطرافیدا ماجوڭ یی نڭ قووەتی قالمایدو.

بو وقتدا اوروەچی طرەفدن آرقیمو ـــ آرقا کیلیواتقان شڭ شی سەی نڭ قووەتینی کورگەن محمود محیطی بواشقاخاپا بولوب شڭ شی سەی گە الچی ایبەریب، «گوچوکدا قیلشقان وعدە بوینچە قیزیل تاغی نڭ جنوبی تورك عسکرلریگە تاپشورولوب، شڭ شی سەی نڭ عسکری کەلمەسلیکی لازم ایدی. نیمە اوچون شڭ شی سەی عسکری آلتی شهرگە اوتودو» دەپ ایتیدو. بونگغا جوابەن شڭ شی سەی: «حاضرقی عسکرلرنڭ باریشی، ماجوڭ یی نی یوقوتوش اوچون بولوب، ماجوڭیی مغلوب بولغانـدن

صوڭره اورومچیگه قایتیب کیلیڭلار» دەپ اوختوروش بیریلدو.
قەشقەردەکی ٠٠٠٠ ال الچی سیننڭ تکلیفی وماداوتەی‌نڭ واسه
طەسی ایله ماجولڭبی بتون عسکری قوراللرینی ماخوسەن‌گه
تاپشوروب اوزی 60نفر ادام ایله روسیەگە اوتوب کتیلدو و شوند
لین کیین ماخوسەن‌نڭ ارقاسندان قوغلاب بارا یاتقان شڭ شی
سەی عسکری‌نڭ هجومی توختوتولودو و ارقاغا قایتورولوب یار
کند، خوتەن ماخوسەن گه بیریلدو.
بو واقیعەدن صوڭره اورومچی شاڭ شی سەی قاشندن گینه
رال مالیکوف مارالباشیغا کیلب، ماجولڭبی نڭ روسیەگە قاچقا
نینی سوقوش توگەب تونگانلارغا خوتەن بیریلگەنینی و هربر
ملت حقوقدا برابر بولو دیغانلیقیغا اورومچیده توختام تولغانینی
ایتیلدو. مالیکوف محمود محیطی ایله کوروشکەنده، اورومچیده
بولغان قرار بوینچه خواجه نیازحاجی اولکولوك حکومتنڭ معا
ون رئیسلك خدمتی ایله اورومچیده تورماق بولدی. سز موقت
احتیاط عسکر قوماندانلق (جنوبی سیلڭ) خدمتی ایله قەش
قەرده تورماق بولدیکز، خواجه نیازحاجم ایله کوروشوب بوسوز
لەرنی ایتسام، اوزی قبول کورسیمو ینیدیکی کشیلر حاجمنڭ او
[illegible]نی قبول توتمای تورودو. حاجمنی بوگون ای-
روپلان ایله مارالباشیغا کەلتورسەك سز هم سوز قیلب اوناتسی
گز» دەب ایتیلدو. محمود محیطی مصلحتنی پوختلاشیب الماق
اوچون ایروپلان ایبەریلدو. شول کونی حاجم ایروپلان ایله
مارالباشیغا کەلدو. محمود محیطی، مالیکوفنڭ قاشندا، خواجه
نیاز حاجمغا اورومچیگه بارماققا مصلحت بەرگەن بولسەمو، اما
بوشوڭن تورده حاجمغا «اورومچیگه هرگز بارماڭ، کیلەچکنده
خطرلك بولیدو. شڭ شی سەی بوگون چەت دولت ایله بیرگه
ایکەن. بوهم ایکیسی دن گه شبهه قیلغان و یمان کوزده قاراغان
جایدا. بولاردا برپلان بار» دەب مصلحت بیریلدو. حاجمهم قبول
کورودو.
محمود محیطی عسکرینی الب قەشقەر کونه شهرگه اورونلو
شودو. برنچه کون اوتکەندین صوڭ «حاجم یندا الدینب اوروم-
چیگه کیتب قالمیسون» دەب تەشویشکه توشوب، برپارچه خط ایله

ھەمشیرەسىنىڭ اوغلى قربان سعیدینى اۋسوغا حاجم قاشیغا ماڭـ
دوردو. کوچاردا بوارقادن کەلگەن خطنى کورگەن حـاجم
«مەن اوروەچیگە بارەیسام بولماس ایکەن، محمود خوفلانمەیسون،
عسکرینى قولدا محکم توتسون، مەن المانمایمەن؛ اوزوم یالغوز
غنە اوروەچیگە باریب تورومەن، بتون عسکر، بتون قووتـىڭا
امانت» دیگەن مضموندا برجواب خط یازیب اوزى اوروەچیگە یو
روب کتیدو. ثابت داملام شڭ شى‌سەى‌گە تاپشورولودو.

## اوروەــچیدە یـــاڭى سیاست

اولکونڭ وولایتى بتونلەى قولدن کتب، یالغوز اوروەچى
شھریلا حکومت قولندا قالغان کونلردە، شڭ شى سەى تختیگە
چقدى. شڭ‌شى‌سەى قولندا بو 4طرەفدن کېلیو اتقان قارشى، کوچ
لەرنى یەڭگودەك قوەت یوق ایدى. مرکزگە یاخود مرکز کو
چىگە یولونەى دیسە، برطرەفدن مرکزنڭ قولى بوش امەس‌ۋەر
کزدن قوەت کەلتوروش امکانیتى یوق، یانا برطرەفدن دوبەنلك
اورونى قزغانیب؛ مرکزدن کەلگەن ادامرگە حقارت قیلـــپ
قویدى. یەرلى خلقغە سویونەى دیسە، بتون یەرلى‌خلق ھەمەسى
دیگودەك قارشى‌چقدى، دیمك شڭ‌شى‌سەى‌گە تیرەك بولغیدەك ھېچ
قاندا ق‌بر یولەنچوك یوق‌ایدى.

نتیجەدە چەتکە یولونوپ، اولارنڭ کوچى آرقالى قارشیسند
دەکى دوشمنلرینى یوقوتوپ حاکمیتنى‌قولدا توتماقچى‌کرشدى.
یانا برطرەفدن‌یەرلى‌خلقنى‌وبارلق‌انقلابچیلارنى‌آلدا ماق‌اوچون او
لار استەگەن و شونڭ اوچون انقلاب قیلغان برنچە مسئلەنـــى
حل‌قیلغان بولوب «ھەمە ملتکە برابر حقوق بېریلدى. مستبد جڭ
شورین حاکمیتى آغدوروب یاڭى‌خلق‌حکومتى قورولدى‌بوند
دن‌صوڭ ایزیش — ایزیلشکە یول قویولمایدو» دیگەن کبى
شعارنى میدانغا آتدى وبوشعارینى عملدە کورسەتمك اوچون مما
تویرن ردئیسلك، ناظرلق، والى، حاکملق اورونلرنى کوبرەك اویـ
غور، قازاق، تونگانلارغا بەردى. بورونقى خەنسو عملدارلارنڭ
اشقا ملتنى ایزیش ایشنى بتونلەى یوقاتدى. خلققە اختیارى
رکینلك بەردى.

بونىڭ آرقاسىندا آزسانلىق ضىيالىلار «بو بىر هيله بونىڭ آرقاسىدا بىر پلان» بارده‌پ بونىڭغا شبهه كوزى ايله قاراغان بولسىمو، اما كوپچولوك خلق «همه ملتكه تەڭ كوزده قارىلدى، مقصدىمزنى او رونلىدى، حكومت ايشىگه همه ملتنى آرىلاشتوردى» ده‌پ شلڭ شى‌سەى‌گه اعتقاد باغلادى.

خواجه نيازحاجم اوروەمچىگه كيلىب، معاون رئيسلىك اورونىدا اولتورغاندىن صوڭره، قالغان انقلابچىلەرهم بربر آرقىدىن شلڭشى سەى ايله برلەشمككه باشلادى. بورهان افندى اوروەمچىدىن وكيل بولوب آلتاى‌غا بارىب، بتون آلتاى ولايتىنى اوز قولىدا توتوب تورغان شرف خان توره‌نى شلڭشى‌سەى ايله برلەشتوردى.

حكومت طره‌فىدىن شرف خان توره‌گه آلتاى‌غا واليلىق وعسكرى قوماندانلىق وظيفه تاپشورولدى. شوندىاق قىلىب يارکندى، خوتەن نىڭ مەئمورى حربى حقوقى ماخوسەن قولىدا، قەشقەرنىڭ حربى حقوقى محمود محيطى قولىدا، قمولنىڭ حربى،ملكى حقوقى يول بارس بەگ نىڭ قولىدا قالىدو.

شلڭشى‌سەى بتون اولكوده تنچلق اورناتىپ آلغاندىن صوڭره، حكومتنىڭ سياسى يولى ده‌ب: 1 نچى جهانگيرگه قارشى توروش، 2 نچى سەويتلەر اتتفاقى ايله دوست بولوش؛ 3نچى ملتلەر حقوقىدا برابر بولوش، 4 نچى تنچلقنى ساقلاش، 5 نچى اتتفاق بولوش، 6 نچى اولكەنى تعمير قىلىش ديگەن «آلتە بيوك سياست»نى ميدانغا آتدى. وعمومى ايشنى ظاهيرىندە مۇشو آلتى سياست آساسىدا الىپ باردى.

## معارف دورى نىڭ باشلىنىشى

يورتدا تنچلق اورناب، ياڭى حكومت قورولغاندىن صوڭره، معارف دورى باشلاندى. انقلابچىلار 3 — 4 يىللق انقلاب دوامىدا خلقنىڭ نادانلىغى وبلمى آدامىلرنىڭ كامليغىدىن كوب قينالغان ايدى. بعضى قولغا توشكەن مهم عصرى قورالارنى اشلاتالماى، اداره، بويروق اشلرينى ترتيبكه سالالماى وپلان، اوصول، سياست كبى كيره‌كلك اشلرنى جايلاشتورالماى كوب ضرر چەككەن ايدى. شونىڭ اوچون بونىڭ همه‌سىنى معارفسزلقدىن كيلىب چققان

دەپ بیلگەن انقلابچیلار برنچی اوروندا معارفنی ریواجلاندورماقنی ضروردەپ توشوندی. یورتداتنچلق اورنالغان کوندن باشلاب، هربر جایدا یاڭی مکتب اچیش، بالیلارنی اوقوتوش اشلریغە جدی کریشدی. معارفنڭ فایداسینی خلقغە آڭلاتدی. بتون خلق اوستورگەن بالیسینی، تاپقان دنیاسینی معارف یولیغا حدیە قیلشقا باشلیدی.

باشلانغوچ زمانلاردا، خلق استەگەن اشنی اشلەپ بیریب، خلقنی اوزیگە جلب قیلماق سیاستینی قوللانغان شڭشی سەی بارلق کوچی ایلە خلق معارفینی یوقوری کوتوروشکە کیریشدی. اوروەچی وبعضی چەت ویلایتلردە دارالمعلمین، اورتـا مکتب، دارالفنون آچدی. هربر ملتکە اوز تیلندا اوقوتوشقا ارکینلـك بەردی. 1934 ـــییلدن باشلاب تاشکندگە 3نوبت 100نفردن اوقوغوچی چیقاردی. اوندن اوقوب قایتقانلار اولکومزنڭ هربر جایندەکی معارف اشلرینی قولغا آلدی. 33نچی یلی برنچی قاتمقەشقەردن اوروەچیگە 236 نفر اوقوغوچی الب کیلب اورتا مکتبلردە اوقوتدی. شوندن کیین بتون اولکونڭ هربر جایندن کوبلەپ اوقوغوچی کیلپ اوروەچیدە اوقویدیغان بولدی. هربرجایدا خلق اوز کوچی، اوز تشبثی ایلە مکتب سالشقا باشلیدی. 37 نچـــی قیلیغا قدر بتون اولکونڭ هربر جایندا بولـــوب خلقنڭ اوزکوچی ایلە 1.391 دانە یاڭی مکتب سالندی. بوندا اوقوغوچی شاگردلارنڭ سانی 130،000 دن آشدی. حکومتکە نسبەتەن خلقنڭ اوزی الب بارغان معارفی نچە یوز حصە آرتیب توشدی.

آلتایدا والی شرف خان، باش کاتیب منکای، معلم سعید قازی، بای ملالارنڭ، قمولدا یولبارس بەگنڭ، قەشقەردە محمود محیطی، موصول حاجم، اوروەچیدە خواجە نیاز حاجم کبی منورلارنڭ غیرەتی ایلە معارف اشلری فوق‌العادە سورەتدە ترقی قلشقا باشلیدی. بتون خلق مکتب و مکتب بالیلاری اطرافندن آیلانیب کیتالمایدیغان حالغا کەلدی. چوڭلار اوچون ساواد آچیش قورسلری تشکیل بولدی.

براق، معارفنلڭ شونچه تزلك ایله ترقی قیلشقا باشلاغانندن بولوبمو قەشقەر معارفینلڭ برملی روحدا کیتب بارغانندن شلڭ شیسەی قورقوب قالدی. بونلڭ آلدینی آلماق، خلقنی ملی معارف روحندن چیقاریب ایکنچی برتورلی روحغا بویالغان معارفقا کرگوزمەك اوچون اوزی تربیه قلغان معلملرنی هربر جایغا تارا تیب، ملی معارفچیلرنی تورلی چاره ایله معارف ساحـــه سندن سیقب چیقاریشقا باشلیدی. ملی کتاب، ملی درسلکلرنی اوقـــو توشدن قالدوروب اوذی اورنیغا کاممو نیستلق نظریەسنده یازیلغان درسلك کتابلرنی کرگوزدی. بو اشقا منور ضیالیلار بولوبمو محمودمحیطی قارشی چقدی.

## مطبوعاتچیلق

یورتیمزدا تاکی انقلاب آخرلاشقانقا قدر برەرته غـــزیته، برەرته مجموعەچیقاریش ایشی یوق ایدی. خلقنلڭ آلڭبایەینی یو قاری کوتوروشده معارفچیلقتا اوخشاشلا مهم قورال بولغان مطبوعاتچیلقنلڭ قممتینی بلگەن کاتتالر هربر جایدا اوز کـــوچی ایـــلـــه غـــزیـــته، مجموعه چیقاریشقا کریشدی. قەشقەرده محمود محیطـــی نلڭ رهبرلیکی، قوتلوق حاجی شوقی نلڭ باش محریرلیکی آستندا «یاشکی حیات» ناملق برغزیته چیقشقاباشلیدی، چوچەکده «بزنلڭ تاووش»، آقسودا «آقسو خبری» ناملی غزیته‌لر نشر قیلندی. بوخلق طرەفندن چیقاریلغان غزیته‌لر کوپـــچولوك طرەفندن بەك سویولوب اوقولدی. اوروەچیده اویغور اویوشماسی طرەفیدن «یاشکی شنکجاڭ» ناملی غزیته چیقاریلدی.

بویاشیدن ملی روحدا بیخ اوروب چققان غزیته‌لرگەیول بـــەر مەسلك ومطبوعات، معارفچیلقتا اوخشاش مهم اشلرنی حکومت قولیغا الب، اوزی استه‌گەن یولدا الب بارماق اوچون شڭشی سەی اوروەچیده «اولکولوك شنکجاڭ غزیته ادارەسی» ناملی برغزیتـــه خانه قوروب، بونلڭ شعبەسینی قەشقەر، چوچەك، ایلی، آلتای، خوتەن، آقسو کبی جایلرده اچیب، «یاشکی حیات»، «بزنلڭ تاووش» کبی خلق غزیته‌لرینی قاپاتیب، اونلڭ اورنیغا «قەشقەر شنکجاڭ

غزيتەسى»، «چوچەك ھشكجاك غزيتەسى» ديگەن نام آستندا غزيتە
چيقاريشقا باشلايدى.

شنكشى سەى بر ايكى يل خلقنى اوز ئەركيگە قويوب بيرب
خاليغانيچە اش اشلەشكە يول بەرگەن بولسيمو، امما يورتنى تنچ
لاندوروب، اوزينى پوختالاب آلغاندن صوڭرە، خلقنى ملى حر
كت وملى ترقياتدن توساشقا، يشلرنڭ مفكورەسينى باشقا ياققا
بوراشقا وملتچيلرگە سوءقصد قلشقا كريشدى.

# محمود محيطى نڭ معارفقا كورسەتكەن خدمتى

محمود محيطى نڭ قەشقەردە قاليشيدەكى اصلى پلانى، شنك
شى سەى ايلە معلوم واقتلارا يولينى توتوب توروب، فرصتى كلگەن
دە، اورومچيدە قورولغان شنكشى سەى حاكميتينى آغدوروب تاش
لاش ايدى. امما بختگە قارشى، شنكشى سەى يوغان بر تيرەككە
يولونوب آلدى. شنكشى سەى نى آغدوروب تاشلاشقا اوميد كيسيل
دى. آخرى محمود محيطى خلقنى يتشتورايلى، خلقغە برنرسە
بيلدورايلى، كەلگوسندە برگەب بولور دەب بتون كوچينى معا
رفقا صرف اتدى. بونڭ اوچون محمود محيطى نڭ معارفقا كـور
سەتكەن خدمتينى آيرى كورسەتمەى اوتالمايمز.

محمود محيطى اوزى بتون كوچى ايلە قەشقەر معارفينى
ريواجلاندوروشقا كريشكەندن تاشقرى آقسو واليسى نياز بەگ،
قمول واليسى يولبارس بەگ، آلتاى واليسى شرف خان تورە
وهر بر شهردە بولغان ضيالى آداملرگە مخفى خط يازيب، مخفـى
آدام ماڭدوروب، اولارنى معارفقا اهميت بەرمەككە دعوت قيلب
توردى. قەشقەردە محمود محيطى نڭ يول يوروغى استندا عبدالرح
من حاجى روزى خلفت اوغلى طرەفندن قەشقەر ولايتينڭ هر بر
جايندا مدنى معارف اويوشمالرى، مكتب و دارالعاجزين، دارالايـ
تام مكتبلرى تشكيل قيلندى. توختى حاجى توردى باى اوغلى،
محمدرحيم مخدوم، اسمائيل حاجى، ابراهيم آخون باى بچە، عمر
آخون باى حاجم اوغلى كبى معارف پروەر زاتلر اوز كوچـى

ایله زور یاخشی مکتبلر قوروب بەردی. بومکتبلرده مجدالدین بەگ کوب غیرت کورسەتدی.

عبدالله بەگ نعیمی داملامنىڭ رئیسلیکی آستیدین قەشقەرنىڭ بتون مدرسە، مسجدلری اصلاح قیلیندی. بتون مکتب اوقوغوچیلاری مسجدگەنمازغا چیقب تورغاننىڭ سرتیدا، محمود محیطی بتون اوز عسکری ایله نمازغا چیقیدیغان بولدی. بتون التی شەهر خلقی محمود محیطی غا زور اومید ایله اعتقاد باغلیدی.

# فوق العادده واقعەلەر

شنگشی سەی نامعلوم طرەفنىڭ یاردمیگە سویونوب تورو‌ب بویورتیدا یاخشیدن باش کوتەرگەن ملتچیلکنی وملتچیلەرنی یوقوتوشقا کیریشدی. بوننىڭ اوچون برنچی قاتیم ایلی دن اوروم‌چیگە، اوروم‌چیدن قەشقەرغە قدر تاش یول قوروب، اویاقدن بویاققا کوچ ماشینو روشقا آسانلق توغدوروب آلدی. یوزلەب اشینالار اویاقدن — بویاققا غار تیراب ماشکار بولدی. خواجە نیاز حاجیغا قوروق بر معاون رئیسلک نامنی بیریب قویوب، اونی حکومتنىڭ اچکی — تاشقی هیچ قانداق بر ایشیگە آرالاشتورمەیدی. برنچی نوبتدە انقلابچیلارنی منصب بلەن اویاق — بویاققا ایبەرگەن بولوب، بر — بریدن یراقلاشتوردی. مسلەکسز، قورقونچاقلەرینی تاپیب اولارنی باشقالارغا قارشی قیلیب تیارلیدی. هر بر خلق سویگەن کاتتالارنىڭ قاشیغا بردن ایکیدن اوزینىڭ جاسوسلەرینی کرگوزوب بوآدملارنی نظارت آستیغا آلدی.

شنگشی سەینىڭ بواش پلانی نىڭ اجراسی اوچون غایبدن آرقیمو — آرقا مصلحتچیلار کیلیب یول — یوروق کورسوتوشکە باشلیدی. 1932 نچی یلی 7 نچی آیدا غایبدن منصور افندی؛ سیدحاجی؛ یاسین افندی؛ دیڭ یی جون، لیوشەن جین، اودەچەن، بوچلڭداو، ۋاڭ باوچەن کبی 20 نفر آدام اوروم‌چیگە کیلدی. بولارنىڭ اچندەکی منصور افندی، سید حاجیلار خواجە نیازقاشیدا، ساقچی ادارەسیدە، مرکزی اویغور اویوشماسیدا مهم ایشلەرنی اوز قولیغا آلدی. قالغان خەنسولار حکومتنىڭ باشقا ادارەلەریغە اورونلاشدی.

1921 نچی یلی غایبدن كەلگەن والی شاڭلار اوروەچیدەسیا سی تفتش ادا رەسی (باونە نجوی — گپڭو) قوروپ بونڭ شعبەسینی هەمەجایغا تاراتیپ، بتون خلقنی سیاسی تفتش آستیغا آلدی.

1934 نچی یلی غایبدن جاڭفیسدن باشلق 5نفر آدەم كیلب چیگارا اشلەر ادا رەسی (بیەنڭو چو) قوروپ، بتون اولكەنڭ چیگاراسینی وچیگارادن كیریش—چیقش ایشینی اوزقولیغا آلدی. 1937 نچی یلی غایبدن 6نفر سیاسی مصلحتچی كیلب تیەن جوتاڭدا مخفی یول — یوروق خدمتینی الب باردی. آلـتون كان ایچش یەر بایلقی تكشوروش توركوملەری كیلب بتون اولكەنڭ هەمە جایینی تكشوروب 19.00 دن آرتوق تورلی خریطە اشلەب آلیب كەتدی. بونڭ سرتندا كەلگەن حربی اقتصادی متخصصلەر، دوختورلار، آگرانوملار، معلملار بتون اولكونڭ هربر جایندا مهم ادارەلەرگە اورونلاشدی.

بوندن باشقا جوڭگو كاموونیست فرقەسی اچندن میڭ یی گو باشلق كوپ مەئمورلار كیلب، معارف غزینەخانە، اجتماعی اشلەرنی قولغا آلدی. غایبدن كەلگەن كشیلەرنڭ رهبرلیگی آستیدا شیخو داماڭ زاوودی، آلتایدا آلتون قازیش هیئتی، تودولڭخەدە حربی زاوود قورولدی. 1936 نچی یلی شڭشی سەی موسكواغا باریب قایتدی. 1931 نچی یلی خوچاڭخوا باشلق برقانچە آدام شڭشی سەی طرەفندن بر نچەتوننا آلتون ایلە... باردی. 1932 - یلی... دن 7.500.000 صوم قرض آلیب بو نڭغا 10 دانە آیروپلان 30دانە زەمبیرەك وباشقا قوراللەر ساتیب آلدی. غایبدن كەلگەن عسكرلەر گانسو، چڭخەی چیگاراسیغا باریب اورونلاشدی.

دیمەك شڭشی سەی وغایبدن كەلگەن نامعلوم آداملار آستا— آستا انقلابچیلارنڭ اورنینی ایگیلەب، بتون ایشنی اوز قولیغا آلشقا وانقلابچیلەرنی بر — برلەپ یوقوتوشقا كیریشدی.

## محمود محیطیغا قیلنغان سوء قصد

محمود محیطی حاجمدن آیریلب قەشقەردە قالغاندن صوڭرە، نامعلوم طرەفدن پیدا بولوب قالغان قرغز اسحاق، مولانلەر بر نچە یوز آدیمی ایلە محمود محیطیغا اطاعت قیلغان بولودو، بو

كشىلەر كىينچەشڭشىسەي دن كەلگەن بويروق بويىچە، بتون
قوراللارىنى محمود محيطىغا تاپشوروب اوزلەرى قەشقەر دەكى
بتون اويغور عسكرلەرىنىڭ اچگەتاراپ كىتىلدو. ومحمود محيطى
نىڭ عسكرى اچىدە جاسوسلوق ايشىنى آلىب بارىلدو. اسهاق تاش
قورغانغا حاكم بولوب اوندا توردو. قەشقەرنىڭ بتون خفيە ايش
لارىنى نامعلوم قادىرحاجى اوزقولىغا آلودو.

1934 نچى يلى 9 نچى آيدا «عسكرى تعليم تربيەو پروغرامما
توزوش اشلارىغا ياردم بەرسون» دىگەن امر ايلە راباكين نام
لى بر آدام قەشقەرغە كىلىب، محمود محيطىغا: «اويغورعسكرى
آراسىدا حربيە تعليم كورگەنلرى يوق، بر نچە آدامنىتاشكندغە
حربى تعلم اورگونوب كەلمەك اوچون ايبەرسەك نيچــوك» دەب
فكر كورسوتودو. محمود محيطى ناعلاج اوزىنىڭ ايشەنگەن مسلەك
داشلەرىدىن قوربان سعيدى، قوربانباز شاهيدى، احمد مخدوم
مقصوم مفتى اوغلى، سايم آخون، عبدالله افنديلرنىتاشكندغەاوقوشقا
ماكلورودو. بو آدامەلەر 1935 نچى يلى اوقوشنى توگوتوب قەش
قەرغە قايتىب كىلىدو. بولارنىڭ مفكورەسىدە آز — تولا اوزگــو
روش پيدا بولغانليقى سزيلىدو.

بوايشدن صوڭرە انقلاب زمانلارىندا كوب فيداكارلق كور
سەتكەن ملتچى آداملارنى محمود محيطى قاشىدن آيريماق و او
لارنىڭ اورنيغا اوز آداملارىنى قويوب محيطىنى اچكى طرەفدن
عاجزلاتماق اوچون عبدالرحمن، حاجى نظام الدين افندى، آيوف بەگ،
مطيعى الله آخون، شرف حاجى، توختى لوى جاڭ، حمدم بگ
حاجى، پولات توەنجاڭ قتارلى آداملارنى اورومچىگە چاقرتىب شڭ
شىسەي دن تىلغرام كىلىدو. محمود محيطى برنچە قاتىم قبول
قىلماي رەد قىلغان بولسەمو، امما اوستىلەب تىلغــرام
كەلگەنلكىدن بو آداملار مجبورەن اورومچىگە ماكلورولودو.

انقلاب كونلارىندە ياخشى خزمت كورسەتكەن بلەلك آدا ملەر
نى تورلى بهتان ايلە قماققا آلشقا باشلاب، قەشقەر خان ايريقلق
عيسى حاجى، ساتيب آلدى آخون، تاش قورغانلق عبدالله قاضى
كبى آداملەرنى محمود محيطىنىڭ نارازيليقىغا قارىماي «جهانگيرنىڭ
قويروغى» دەب توتوب سولاب اولتوردو.

قەشقەردە عشرە — ذكاتنىڭ نسپى اويوشماغا بيريلشكە قرار بولغاندىن صونگرە اويوشماغا 200مگلاپ چارەك آشلق كرم بولىديغان بولدى. اويوشماغا توپلونوپ تورغان بو زور اقتصادى كوچ آرقالى قەشقەر معارفى بەك ترقى قىلشقا باشلىغان ايدى. 1935-يلى شڭشىسەى طرەفدىن آلتى شەرگە تفتش هيئتى بولوپ بارغان بر تورگوم آدا ملار بولوبمو منصور افندى قەشقەر اويغوراويوشماسىنىڭ اقتصادىنى بوغماق ياكى بولماسا حكومت قاراماغىغا اوتكوزمەك اوچون قەشقەردە ايچىلغان برمجلسدە «اويوشما اوزينىڭ كرم — چقيمىدىن حكومتكە حساب بەرسە، يعنى حكومت قارماغىدا بولسا، قەشقەردەكى مطبوعات حكومت قولىغا اوتسە قاندىغ» ديگەن فكرنى اورتاغا آتيدى. بوفكرگە محمود محيطى قاتتق قارشى چقيدى. آخرى بو تفتش هيئتى اويوشماغا تيگالماى، يـالغوز «ياڭى حيات» خلق مطبوعاتىنى ملتچىلەر قولىدىن تارتىپ الـب لاڭداوخين ناملى بر آدامنى بونگغا باشلق قيلب بەلگولەيدى. شونگدەك بو تفتش هيئتى معارف، اويوشما ساحەسىدە ياخشى خدمـت كورسوتوپ كيلب آتقان آدا ملارنى درجەسىنى كوتورگەن بولوپ اهميتسز اورونغا يوتكەپ، بولارنىڭ اورنيغا اوزى طرەفدار آدا ملارنى اورونلاشتوروپ. بو تفتش هيئتى قەشقەر ملت مجلسىنىڭ رئيسى عبدالغفور حاجمنى اورومچيدىن كەلگەن تليغرام بويىچە اوزلەرى ايلە برگە الب كەتمەك بولودو. بو آدام 1936 نچى يلى 5-آى 13 — كونى يولغا چيقب كونچينىڭ آلديغا ييتب كەلگەندە، ملتچيلەر طرەفىدىن اولتورولودو. حكومت عبدالغفور حاجمنى موشولار اولتوردى ديگەن بهتان ايلە عبدالرحمن حاجم، احمد حاجملەرنى قماقغا الب اورومچيگە الب كتيدو. عبدالغفور حاجم بولسا، 1935 — يلى 4نچى آيدا اورومچيدە آچيلغان خلق وكيللەرى قورولتايىغا بارىب اوندا شڭشىسەىنىڭ آلدام خالتاسىغا توشوب، قەشقەرغە قايتب كەلگەندىن بويان شڭشىسەىنىڭ فايداسيغا تشويق الب بارغانلقدىن ملتچيلەر بو آدامدىن بەك خاپا بولغان ايدى.

1936 — يلى 8 — آيدا شڭشىسەيدن محمود محيطى غا: «ايككى توەنجاڭ، ايككى توەنفو، 4لەنجاڭ اورومچيگە حربى تعلـيم آلماق اوچون كەلسون» دەپ تليغرام كيليدو. محمود محيطـى

Altunay

ايبەرمەى ديسە، اورتا بوزولوپ قاليشىدىن احتياط قيلىب او زى
اشەنگەن آدەملەردن غفور تۇەنچاڭ، قربان نياز تۇەنچاڭ، احمد
مخدوم، عبدالشكر، سيف‌الدين ـ افندىلەرنى چيقاريب بريدو.

بونڭ آرقاسىدىن شڭشى‌سەى، محمودمحيطى‌نڭ اچكى سيرى
و اچكى احوالينى بلمەك اوچون اونڭ ياقين مصلحتچيسى و
مخصوص كاتيبى عبدالله داملا نعيمى‌نى اوروم‌چيگە چاقرتيدو.
بوعبدالله‌داملانعيمى‌نى اوروم‌چيگە ايبەرمەسلكنڭ چارەسينى كـور
سيمو، شڭشى‌سەى‌دن تكرار تليغرام كەلگەنلكدىن ايبەريپ‌بيـ
رەى ديسە، شڭشى‌سەى‌گە سير معلوم بولوب قاليشىدىن ايبەر
مەى ديسە؛ امرگە بوى سونماغانلق كيلىب چقيشىدىن احتياط‌قلىب
آخرى محمود محيطى «يورت فايداسى وسير ساقلاپ قـالماق او
چون عبدالله‌داملانعيمى‌نى برآرقاكوچادا كيتب‌بارغان جايىدااوغور
لوقچە آتيب تاشلاماققا قرار بيريپ» آخرى بوپلاننى اجراقلماق
بولوب تورغاندا، يانا اوزينڭ ايشەنگەن صادق صفداشىنى آتيب
اولتوروشكە يورەگى چىدىماى آخرى اولتورمەسلك واوروم‌چيگە
قطعى ايبەرمەسلككە توختايدو.

شڭشى‌سەى‌نڭ بوخل حركتيگە چىداب تورالميغان محمود
محيطى، بونڭغا قارشى هيچ قانداق برچارە تاپالماى، آخـرى
مركزى نەنجىن حكومتيگە ياردم تيلەپ وشڭ‌نڭ بوخل‌فوق‌العاد
دەحركتينى توسوماققا چارە كورمەكينى سوراپ امين واحيدى،
مومين آخون ناملى 2نفر آدامنى مخفى سورقلەنەنجينگە ماڭ
دوروڭدو. بولار باريب يورت دعواسى وشڭغا قارشى حركتكەمش
غول عيسى بەگ افندى ايلە كوروشودو. عيسى بەگ افندى‌نڭ
واسطەسى ايلە جاڭ‌ۋى‌يوەن‌جاڭ ياشلق كوپ كاتتالار ايلە كورو
شوپ توركستاندەكى بتون احوالنى دليل ـ اثباتلەرى ايلە اولار
غاآڭلاتيب، مركزدن بونڭغا چارە كوروپ بەرمەكينى اوتوتودو.
بوكونلەردە چين ـ ياپون سوقوشى باشلانيب، بتون‌دولت بـر
خوف خطر آلدىدا تورغاشقا ومركز بتون كوچى‌ايلە ياپونغاقار
شى سوقوشقا مشغول بولغاشقا، تزدان توركستان مسئلەسيگە قا
رىتا بيرەر چارە كورالماسلقينى نظردە توتوپ مركز بوكەلگەن
وكيللەرنى «بزحاضر ياپونلر ايلەسوقوش اوستيدەمز، آزواقتصبـ
رى قيلىب تورساڭلار، بزشڭشى‌سەى‌نڭ چارەسينى كوروپ بريمز»



محمود محیطی

دیگەن جواب ایلە قایتورودو. بوو کیلەلەر یورتقا قایتیب کەلـ
ـمەك بولوب لانجوغا کەلگەندە، اول موئمین آخون چیگارادن مخفی
قمولغا توشودو. بو آدام درحال شلکشی سەی طرەفندی توتقونغا یلنیب
مو.امین واحیدی چیگارادن کیرالمای لانجودا توروب قالیدی.
1936 — یلی 9 — آیدا آپریسوف قەشقەرغە کیلـب؛ محمود
محیطیغا «مەن سز ایلە کوروشکیلی کەلدیم، سز حاضرقی حکومە
کە نارازی ایکەنسز. یالغوز اویغور حکومتی قوروشنی اویلایسز،
بونگ اوچون یاپونغا آدام ایبەرگەنسز، اونگ بیری موئمین آخون قول
غا توشدی. اونداغ قیلمای برلك، اتفاقدا اوتوك» دیگەنـدەك سوز
لارنی ایتب محمود محیطینی قاشغدا تورغان ابرخوف نامی بر روسنی
الب اوروم چیگە قایتب کتیدی. بو ابرخوف بولسا، ر ابالکین کەتکەندن
صونگ اونگ اورنیغا کیلیب تفتش اشینی الب بارغان بر آدام.

مخمودمحيطى آخرى «قولومزدا قورال، عسكر تـــوروغلوق شڭشى سەيگە شونچەلك بوزەك بولومزمو» دەب 12 نچى آيدا وزينىڭ ياقىن عسكر باشلقلەرندن اسمائيل بەگ، محيط فيض، يعقوب تودنجاڭ، حەمدحاجىلارنى چاقريب مخفى مجلس آچيدو. بومجلس دەعسكرلەرنى ترتبكە سالب تزدەن قوزغولوب سوقوش اچش ديگەن قرارغا كيليدو. بو اشقا داضرلق كوروب تورغاندا، كيچك آخون كەتب محمودمحيطىغا «بوطريقە سوقوشساق يوق بولوب كتەمز، آز غنا خاپالق اوچون سوقوش اچيب اوزيەمزنى، عسكريمزنى هلاك ايتب، بويورتنى اولارنڭ قوليغا ايكى قوللاب تاشلاب بەرگەندن نيە مەفايدا چيقور؟ شڭشى سەينڭ يوغان تيرەگى بار؛ بر ايكى يلدار قيليشب تورساق، آخرى بر فرصتى كيلب قالور» ديگەن فكرنى كورسوتودو. مدا كيرەلەردن صوڭ بوفكر قبول كورولوب، بورونقى پلانو قتلق قالدوررولودو. بو اورتادا برنچى توەن قوماندانى حميدحاجى كبى آداملار اوزينى آقلاب آلماق اوچون محمودمحيطىنڭ بوسير پلانينى ليوسىلڭ و.....غا خبر قيلب قويودو. بونى سيزيب قالغان محمود محيطـــى بوسببدن حميدحاجينى قماققا آلودو.

محمودمحيطىنڭ بوسير پلانى شڭشى سەيغە آڭلانغاندن صوڭ رەاورتا تيخيمو بوزولوشقا باشلاب، شڭشى سەي اونڭغا قـــاريتا تيخيمو اوتكوررەك سوءقصد وچارە الب باريدو.

1937 نچى يلى 2 نچى آيدا عيدقربان كونلەرى 2 نچى مصلحت بولونوب، بومصلحت بوينچە كهنە ــ ياڭى شهردەكى عسكرلارنى تمام ياڭى حصارغا يوتكەب كەتمەك، اوندا توروب اورومچىنڭ بوعكسى موعاميلەسى اوستندە شڭشى سەي ايـــلە ديشمەك، تونگانلار ايلە برليشب اورتانى توزوتمەك قرارى قبول كورولودو. محمود محيطى بوپلانينى قوربان سعيدىدن سيرسپاقلاب كەلگەن بولسيمو، آخرى فكر آلماق اوچون اونڭغا ايتب كورگەندە، قارشيلق كورسوتوب، يوقورقى كيچك آخوننڭ فكريگە اوخشاش مصلحت كورسوتودو. نتيجەدە بوپلان هم عملگە آشالمايدو. بو اش كيچك آخون كبى آداملار طرەفيدن حكومتكە آڭلانيدو.


شويل 3 نچى آيدا بورون اورومچيگە اوقوشقا كەتكەن غفور توەنجاڭ؛ قوربان يازتوەنجاڭ، احمد محدوملار قەشقەرغە قايتب كيليدو. بولار بلەن بر گەاورومچيدن «محمود محيطىنڭ عملدارلارى—

لدن 23 آدام اوقوشقا ايبەريلسون» دەب تيلغرام كيليدو. محمودمحي
طى بواوروەچيدن كەلگەنلەرنڭ آڭ — فكريني سيناب كورمەك
اوچون غفور توەنچالڭ ايله ياشيرين صحبت اوتكوزودو. بوصحبت
ده بواوروەچيگە باريب قايتقانلارنڭ آڭ —فكري اوزگرگەنليكي
سيزيلدو.

آخري شلڭ شي سەي محمود محيطيني اوروەچيگە آلدوروب؛
بوندا سوءقصد قيلب يوقاتماق اوچون «اوروەچيگە كيلڭ، موهم
مصلحت بار» دەب اوزي نامندن وخواجەنياز حاجم نامندن برنچە
نوبت محيطيغا تيلغرام قاقيدو. بومسئله اوستيده محمودمحيطي
اگر اوروەچيگە بارسام، بر تهلكه بار، بارميسام امرگەخلاف
اش قيلغان بولومەن، بوسببدن اورتادا برواقعه توغولوب قالور
دەب غەمگە پاتيب باقين آدامەرندن فكر سورايدو. اش بوجاي
غا ييتب كەلگەندە، بر قانچە يولداشلەري: «دامدي مدارا قيلب
اوتوشكه اورون قالميدي، سوقوش آچساق يەڭگودەك قوت يوق،
نتيجەسز انقلاب قيلغاندن يورتنڭ تنچليقيني ساقلاب، برقانچە
مز چەت دولتكه چيقب كەتسەك نچوك» ديگەن فكرني كورسو
تودو. بو فكرگە بنائەن محمود محيطي تورونوشدە اوروەچي
لگه باريمەن دەب ياشيرين سورتدە چەتكە چيقب كەتمەككەحاضر
لق كورودو.

محمود محيطي اوروەچيگە بارغودەك ديگەن خبرني آڭلاغان
قەشقەر، ياركند، فيض آباد، مركت، ياڭي حصار خلقـــي اوزي
سويگەن برييتەكچيسينڭ اوروەچيگە باريب برەر خوفكەاوچراب
قاليشندن انديشه قيلب، «محمود محيطي اوروەچيگەبارميسا ايكەن»
دەبآرقيمو — آرقا التماس يازيدو.

1937 نچي يلي 4 نچي آي نڭ ايكنچي كوني جمعەتاڭ سحرده محـ
مود محيطي اوزينڭ صەفداش، مسلەكداشلارندن موصول حاجم،
باي عزيزي، عبدالله داملام نعيمي، مايد آخون، شرف آخون،
ياسين قاري، عبدالحميد باشلق 35 نفر آدامني الب، اوزي شبهه
ده بولسيمو، اما نيتي يامان ايمەس قوربان سعيدي گە بتون اعسـ
كرينى قالدوروب اوزلاري هندستانغا قاراب سفر
قيلدو.



محمود محیطی و اونڭ یولداشلری

محمود محیطی آقنو ( یاڭی حصارغا 40 یول ) غا یېتب بارغاندا، لیو سی لڭ غا «حکو متدن دیلم آغریدی، مکه گـه باریمەن حکو متکه هیچ خوف بولمایدو» دیگەن مضمونده بر پارچه خط یازیب کر گوزودو.

## التی شهرده توپولاش

محمود محیطی یاڭی حصارغا کیلیب عیىن نیازنی، قەشقەر دین یعقوب توەن جانڭ کەلگه نىدە، قەشقەر احوا لینی بیلیب آرقادین کیلشکه یاڭی حصاردا قالدو روب بر پارچه خط ایله نیاز توەن فونی ماخوسەن قاشیغا ەوهورروب، اوزی هندستان طرفکه یــروب کەتکەن ایدی.

محمود محیطی نڭ قەشقەردین چیقیب کەتکەنی معلوم بولغاندین سوڭره ۴. تودن دەکی یعقوب ایله قربان یاز اورتابسندا تو قونوش بولوب هر ایکیسی یاریدار بولودو. یعقو بنی درهـــال حکومت قولغا آلیدو.

قەشقەرده قالغان محمود محیطی عسکرلری حکومتکه اطاعت قیلشقا کوڭللری اونامای اوز آراسندا عبندازنی باشلیق سایلاب یارکندگه سورولودو. و خوتەندتورغان ماخوسەن ایله پوتوشوب بلڭ شی سەیگه قارشی سوقوشماقا قارار بیریدو.

ماخوسەن خوتەندە تورغان كونلەردە، شڭ شى سەي اونڭغا هم محمود محيطى غا قلغان معاملەسينى قلغان ايدى. اونڭ قا شندەكى بر قانچە كشيلەرنى چەتكە اوقوشقا آلب چقب، اچكى طرفدين اونى بوزوشقا كرشكەن ايدى. بوكونلەردە ماخوسەن كوروندوشدە شڭ شى سەي امريكە اطاعت قلغان بولوب بو قوزغولاڭچيلەرگە قارشى چارە كورەلمەك بولسەمو، اچكى طرفدين اولەر ايلە محكم برلەشب الدو.

عبد نياز 1937 نچى يلى 5 نچى آينڭ 29 نچى كونى هجوم باشلاب قەشقەر كوهنە شهرنى اشغال قيلدو. ياڭى ـ ى حصارنى محاصرەگە آلب تورغاندا، ماخوسەن كلب: «سيلەر اورومچى طرەفكە هجوم قيلڭلەر، قەشقەرنى مەن اوزەم آليمەن» دەب او زى قەشقەر يڭى شهرگە هجوم باشلايدو. قربان نياز بتون عسكرلەرنى باشلاب اورومچيگە قاراپ هجومغا يوروب فيض آباد، مارالبيشى، مركيت، كلپين، اوچتورپان، آقسو آباد قاتارلىق جايلەرنى اشغال قيلماقسوغا توپلانغان شڭ شى سەي عسكرينى يڭب اوتوب كوچار، شهيار بوگورنى اشغال قيلب، اورومچيگە هجوم غا يوروشكە تيارلانب توردو.

آلتى شهردەكى بوقوزغولاڭنى باستوروب آلماق اوچون شڭ شى سەي ايلى، چوچەك يولى ايلە اورومچى آرقالى آلتى شهرگە نچە يوزلەب ماشينادا قورال، عسكر ماڭدوروشقا باشلايدو. بتون آلتى شهرخلقى بو قوزغولاڭچيلارغا ياردم قيلدو. نتيجەدە شڭ شى سەي اوز كوچى ايلە بوقوزغولاڭچيلارغا كوب تەڭ تورالماي هرسوقوشدا مغلوب بولودو.

نتيجەدە بوقوزغولاڭنى باستورماق اوچون اوچطورپان، آر توش، ... 3 جايدن آيروپلان، تانكالق عسكرلەر پيدا بولوب، بو سوقوشقا قاتناشيدو. بورون محمود محيطى قول آستندا اشلەگەن اسهاق، مولانلەر اوز گروهندەكى آداملەرنى اويوشتوروب قايتا دن عسكر توزەب ياڭى قورالار ايلە قوراللينب آرقا طرەفدين بو قوزغولاڭچيلارغا هجوم باشلايدو. بو آسماندن 20 لەب آيروپلان، يەردن 20 لەب تانكا ايلە قيلغان هجومدا بوقوزغولاڭچيلەر آلديراپ قاليدو، عاجزلايدو.

ماخوسەننىڭ ساتىلغان مالوىجاڭ ناملى برآدىمى چېگارادا تو روپ، ماخوسەن گە زور خيانت اشلەيدو.

اوشتومتوت بولغان هجومدا ماخوسەن ياشىلىپ ياركند گە سورولودو. بوندا هم توروشقا امكان قالماي، 9 — آىنىڭ 9 — كونى هندستانغا اوتوب كتىدى. ماخوسەن كەتكەندىن سونىڭ اونىڭ عسكرى ايكى گە بولونوپ كوبرەگى مالوىجاڭغا اطاعت قىلىپ قالغان قىسمى خوتەنگە سورولوپ آلودى.

قربان نياز عسكرلەرى هر قانچە قىدا كارلىق كورسەتسىمو آخرى آيروپلان، تانكالىق هجومغا چىدا شلىق بيرالماي چېكىنمەككە مجبور بولودو. بر بولىمى راسكام تاغىغا، بر قسمى كرىيە آرقالى قاراشقو تاغىغا، يانا بر قسمى گانسو طرەفكە قاراپ چكىنىدو. نتيجەدە بوقوزغولاڭچىلەر چوللەردە آيروپلاندىن ياغدىرولغان اوق آستىدا كوپى شهيد بولودو. قىدا قىلەردىن 50،000 گە قدر آدم چىقىم بولودو. شوندا ق قىلىپ آلتى شهردە كوتورولگەن بو قوزغولاڭ نتيجەسىز تمام بولودو.

آلتى شهردە توپولاڭ كوتورولگەندە، قمولدا يولبارس بەگنىڭ يېتەكچىلىكىدە شىڭشىسەيگە قارشى حركت قوزغالغان ايدى. سبب، قمول مهم چېگارا جاى بولغانلىقىدىن بوجاينى اوز قولى آستىغا آلماق اوچون يولبارس بەگكە تورلى سوءقصد اشلەتكەن ايدى. آخرى يولبارس بەگ هم شىڭشىسەي ايلە سوقوش قىلماقدىن فايدا چىقمايدىغانلىقىنى بىلىپ اچكى چىنگە اوتوپ كتىدو. شوندا ق قىلىپ، شىڭشىسەي آلتى شهر قمولنى اوز قولىغا آلغاندىن سونگ اوجايلاردىكى مهم نقطەلەرگە اوزون چاپانلىق عسكرلەرنى اورونلاشتوردى.



يولبارس بەگ

# خواجه نیاز حاجی نیڭ عاقیبیتی

آلتی شهرده محمود محیطی، آلتایدا شرف خان توره، قمولدا یولبارس بهگ ملی قوراللق عسکرلرنی اوزقولیدا توتوپ تورغانلقیدن اورومچیده عسکرسز حالدا یالغوز تورغان خواجه نیاز حاجی‌غا شنگ‌شی‌سه‌ی برسوۋقصد اشله‌شکه جرءت قیلالماغان ایدی. شنگ‌شی‌سه‌ی‌نیڭ پلانی اوەل قورال توتقانلارنی یوقوتوپ، آندین قورالسزلارنی یوقاتماق بولغانلقیدن بتون سوۋقصد پلانینی قورال توتقانلارغا قاراتقان ایدی، بو پلانیدا موافق بولغاندین صونگره کوزی خواجه نیاز حاجی‌غا توشودو. باشدا خواجه نیاز حاجی‌نی قاشیدا بولغان یونس بهگ، کریم حاجی کبی آدملرنی تورلی منصب ایله اونیڭ قاشیدن آیریب، منصور افندی کبی دملەرنی حاجی قاشیغا قویوب حاجینی نظارت آستیغا آلغان ایدی. حاجی‌نیڭ بتون اطرافی جاسوسلر ایله اورالیب، اونیڭ محمود محیطی، یولبارس، شرف‌خان ایله بولودیغان علاقه‌سیگه امکان بیریلمەیگەن ایدی. شونیڭ اوچون خواجه نیازحاجم، محمود محیطی‌نیڭ جنوبده‌کی حرکتیدن بتونله‌ی خبرسز قالغان ایدی.

مسئله خواجه‌نیاز حاجی‌غا کەلگەنده، شنگ‌شی‌سه‌ی پلان بوینچه خواجه‌نیاز حاجی اوستیگه «محمود محیطی، یولبارسلەر خواجه نیازنیڭ یول‌یوروغی ایله حکومتکه قارشی دصیان کوتوردی. اطرافدا قوزغولاڭ کوتورولگەنده» اورومچیده خواجه‌نیاز باش بولوب یاڭی حکومتنی آغدورماق بولغان، بونی بولساجهانگیرنیڭ قویروغی» دیگەن بهتاننی آرتیب هربر یورتنیڭ مهیم آدەملەری، والیلری، حاکم‌لری بای، ملالرینی قوشوب برنوبتده 500 دن 800 آرتوق آدمنی قاماققا آلودو.

خواجه نیازحاجی باشلیق منور آدملەرنیڭ قامالغانلقی ایله بتون خلقنیڭ اومید چراغی اوچودو. شنگ‌شی‌سه‌ی‌نیڭ بو انقلابچیلارغا قیلغان خیانیتی، اوزینیڭ آلداماچیلق سیاستی ایله باش بولودو. دیمک ملیلق انقلاب، بیریلگەن قربانلار بیکارغا کەتکەن بولودو. هر سوقوشدا غالب کیلگەن بومنور آدملەر سیاستسزلیکینیڭ، تدبیر

سزلیکینینگ قربانی بولوب توگه‌یدو. امما خلق ایکنچی بر انقلاب
کوتورمک خیالیغا توشکه‌ن بولسه‌و، امما شنگ‌شی‌سه‌ی اوزینینگ
مخفی خدمتینی هه‌مه‌جایغا یایب خلقنینگ برلرکه‌ن سوزقلماقیغا وبر
حرکت اویوشتورماقیغا امکان قویمایدو.

## شنگ شی سه‌ی دا ادم قاماش حرکیتی

شنگ‌شی‌سه‌ی برنچی قاتم 1937 نچی یلی 4- آیدا خواجه نیاز
حاجی باشلیق کاتتالارنی قاماققا آلغاندن صونگره، هر یلی 4-
آیدا برنوبت آدم‌توتوش حرکتینی باشلایدو. بونینگ اوچون برچا
ره قیلب هر یلی دیگوده‌ک خلق وکیللری قورولتایی دیگه‌ن نام آس
تیدا قورولتای چاقریب هر یورت‌نینگ منورآدمله‌رینی اورومچیگه چا
قریدو، یول‌آچب آلماق اوچون بوکلگه‌ن وکیللرنی برایکی قاتم
آمان قایتورغان بولودو. باوئه‌نجوی (سیاسی تفتیش) اداره‌سی
آرقالی هربر جایدا توتوشقا لایق آدمله‌رنی تکشوروب اولارنی
تزیمغا آلودو. هر یلی 4- آیدا بوتزیم بویچه بعضیلرینی اوزجا
یندا، بعضیلرینی وکیل‌بولوب اورومچیگه کلگه‌نده توتقوزغا
آلودو.

آلتایدا دخی آمان‌تورغان شرف‌خان تورهنی قولغا توشورمک
اوچون 1938- یلی کوزده قازاق - قرغز قورولتایی دیگه‌ن نام‌آس
تیدا برقورولتای آچب، شرف‌خان توره‌باشلیق کوب‌قازاق کاتتللری
نی اورومچیگه چاقرتب کیلب، قورولتای داوامیدا بولرنی قاماق
قا آلودو. بتون‌خلقنی ایکنچی قوزغولالمایدیغان حالغا کلتورمک
اوچون «قورال سایمان ییغش» حرکتینی قوزغاب خلق قولیدا
بولغان قوراللارنی ییغب الشقا باشلایدو. شرف‌خان توره‌نینگ قاما
لغانینی آنگلاغان آلتای‌خلقی قوزغولانگ کوتوردو.

اوتکه‌ن انقلاب داوامیدا اقتصادی یاردم به‌رگه‌ن بایلارنی
ده‌ی تشویق قیلب خلقنی قوزغولوشقا دعوت‌قلغان مللارنی قاماق
قا آلغاندن تاشقری خلقنی اقتصاددن بوغماق، یول کورسه‌تکو
ده‌ک عالملارنی یوقاتماق اوچون کوب‌باق، مللارنی قاماققا آلو
دو. مال‌ملکینی مصادیره قلیدو. 1939 نچی یلی عبدالله داملا، قز

بان سيعدى، أباو، قربان نياز باشلىق كوپ آدم قاماقتا توشۇدۇ، هربلى شوندىغ قامالىش آرقاسىدا 1942- يىلىغا قدر هر بر ملتدىن بولوپ 100:000 دن آرتوق آدم قامالىدو.

## شڭ شى سەى نڭ وحشيلىگى

آلتى شهرده كوتورولگەن قوزغولاڭ باستورولغاندىن صوڭ آدم توتوش اشى باشلانيب شڭ شى سەى، ماخوسەن نڭ تسليم بولغان عسكرىلىن 5000 نفر آدمنى تكلى مكان چولىگە هايداپ كريب بولىدوقتا توتوپ اولتورودو. 37 نچى يىلى نچى آيدا قەشقەر، يار كنىدىن 350 نفر ضيالى آدمنى قاماققا الب اولتورودو. شو يىلى يار كنىده 400 نفر آدمنى تكلى ماكان چولىگە كيچيسى هايداپ كريب بوغوپ چاپيپ اولتورودو. شو يىلى 12 نچى آيدا قەشقەردە قاماقدا ياتقان 6000 آدمنى قەشقەر جنگبى سيلكبو اچيندە مخفى اولتورودو. 11 نچى آيدا خوتەندە برقانچە ناحيەدن قامالغان 400 آدمنى كيچەسى تكلى مكان چولىگە الب بارىب اولتورودو. 37 نچى يىلى آقسودا قامالغان آدمدن 100 گە قدر كشينى كەلپن تاغى اچىگە الب كريب اولتورودو. 41 نچى يىلى 8 نچى آيدا خواجە نياز حاجى، شرف خان تورە، يونس بەگ، ماوەنلو، مامقاواو، خوالڭزو شين، محفوظ والڭ، بوغدا باى، تورسون بابا، حسن يانگالف، تود دى آخون باى، صوفى شەنجاڭ، نيازداخەن، اسماعيل داتو، سا لىح دورغا، گوسول، باقى نياز حاجى، حيدر افندى، تمورغلى، صو فى زادە، زەيدىن كاروان، كمال افندى، عباس افندى، بوقات، خيلل، رقت، جاڭشين، چلڭ ددلى بولوپ هر بر ملتدىن 895 آدمنى تور مەدە وەيى پاوچلڭ گوڭ تاغىدا اولتورودو. 42 نچى يىلى 4 نچى آيدا آپاو باشلىق 366 نفر آدمنى اورومچيدە تورمەدە اولتورودو. بو نڭ سرتىدا تورلى جايدا تورلى اصول ايلە اولتورولگەنى هم بەك كوپ.

## سيراق تورمەلەر

شڭ شى سەى آدم قاماشقا باشلاغاندىن تارتيپ هر بر چولڭ شهر گە يىردن ايكيدىن تورمە قوردى. بو تورمەگە سولانغان آدملەرنى كورگەن كورنىدن اعتبارا بار. بوقليشنى معلوم قلماى سيرساقلا

دی. تورمه و تورمه‌گه سولانغان آدمه‌ر حقنده هیچ‌قانداق بر سوز قلماقتا ارکینلیك بەرمیدی. حتی تورمه‌گه توشکه‌ن آدمه‌رنك خاتون- بالا - چاقاسی تورمه‌ده یاتقان کشیلری ایله برەر قاتم کوروشالیشی اوياقدا تورسون مینك پالانچی آده‌میم تورمه‌گه توشکه‌ن دیگه‌ن سوزنی آغزدن چقیرالماس حالغا کلدی. قاینداقلا بر عائیله‌دن بره‌ر کشی تورمه‌گه توشکه‌ن بولسا، او عائیله «خائینه‌لر عائیله‌سی» حسابلانیپ، خلق و اوروغ- توققان، خولوم-خوشنالری مذکور عائیله ایله باریش-کیلش قیلشدن قورقودیغان بولدی.

تورمه‌گه توتوش اصولی بولسا، «دوبه‌ن چاقریواتیدو» پالانچی آدم سه‌ن ایله کوروشمکچی، پالانی جایدا مجلسکه چاقریواتیدو، بر آز غینا ایش بار ایدی» دیگه‌نده‌ك سوز ایله کوپ‌ره‌ك کیچه‌سی اویدن یاکی کوچادن توتوپ ماشیناغا اولتورغوزوپ اودول تورمه‌گه الیپ باریش بولغان. اورومچی‌ده فوق‌العادده تورمه‌دن باشقا اون‌نچه جایغا تورمه قورولدی. هر یلی 4نچی آیدا آدم توتولغاندا، کومه‌له‌ریدن بر قسمی اولتورولوپ، اولرنك اورنی یاکی کرگه‌نلرگه بوشوتولوپ تورولدی. تورمه‌نك هر بر اوینده 2دن 5گه قدر آدم بولوپ، بر اویده کیله‌ر 2نچی اوینه کیم بار یوقلیغیدن خبرسز یاتیدو. یمه‌کی قاینتاق‌سو، قاسقان نانیدن عبارت. تورمه‌ده یاتقانلارغا بیریلیدیغان تماق برنچه تورگه بولونودو. برنچی درجه‌لی تماق بیگوچیلرگه سوت، توخوم، گوشت یاغلق تماق بیریلیدو. 2نچی درجه‌لك تماق یگوچیلرگه سوت، سه‌یلك تماق بیریلیدو. 3نچی درجه‌لی تماق بیگوچیلرگه تماغی اوغشاش، کوکتاتی آیریم بیریلیدو. کوپچولیگی عادتده‌کی تورمه تماغی ایله قورساق باقیدو. بر طرفدن تماقنك عاجزلیغی، ینه بر طرفدن یلله‌ر — یلله‌ر کون‌نوری کورمه‌ی یاتقانلقی آرقاسندا انسانلار عاجزلاپ تماق‌سیگمه‌س حالیغا کیلیپ تورلی کیسه‌لگه اوچراپ اولودیغان بولدی. کوپ «گناهکار»له‌رنك اولوگی «دیان بیرشی» نامه‌لی تورمه دوختورخانه‌سیده قالدی. علما بولسون، کاتتاله‌ر بولسون جسدلری ایت، ایشه‌ك اورنیدا تاغ توشوکلریگه تاشلاندی. ایگه‌چاقالری تیریکیگه ایگه بولالماغان‌نك اوستیگه اولوکیگه هم ایگه بولالمایدی.

سوراق ئىشلىرى بولسا، دومىلانغانلارغا ھەچ بىر گۇناھ بولماسا ھەم، يالغاندىن ئوزلىرى ئويلاپ چىقارغان تۈرلۈك گۇناھلارنى ئارتىپ «ياپونغا قاچان ساتىلدىڭ، نەمە ئوچۇن ئەنگلىيەگە جاسوس بولدۇڭ؟ ئالتە ساستكە قارشى چىقماق بولۇپسەن، قانداغ تشكيلات قوردۇڭ» دىگەن كىبى سۇئال سوراپ، بويا ياپون، ئەنگلىيە توشىگە كىرەلمەگەن ئادەملەرنى تۈرلۈك ئصوللار قىيناپ شوجنايىتلارنى ئوستىگە ئالىپ قول قويماقىغا مجبور قىلىپ، «يوق مەن ئوندا غايش قىلغانىم يوق» دەپ ئوزىنىڭ راستلىغىنى چىڭ تۇرۇپ ئالغانلارنى تۈرلۈك وحشيانە عذابلا ئولتۈرۈدى.

ھەتتى ئوزىنىڭ نەمە ئوچۇن تۈرمەگە توشۇپ قالغانىنى بىلمەي سوراقسىز 7 - 8 يىللار ياتىپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ ھەم سان ساناغى يوق. سوراققا تارتىلسا، تۈرلۈك عذاب چەككەچەگىنى بىلگەن بو بىچارەلەر گۇناھسى بولماسا ھەم ئوزىنىڭ سوراققا تارتىلماي ياتقانىنى ئوزى ئوچۇن زور بخت دەپ ھسابلار بولدى.

تۈرمەنىڭ بتۈن خدمتكارلارى سىياسى تفتشلەر بىلەن تولغان ئولكە ئوستىگە ھەر بىر تۈرمە ئويلىرى ھەم «گۇناھكار»لەرنىڭ گەپ — سوزىدىن خبر ئاپىپ تۇرەق ئوزرە يالغان گۇناھكار صوفەتىدە كىر گوزۈلگەن خفيە گۇناھكارلاردىن خالى بولالمىدى. دىمەك تۈرمەدە ياتقوچىلەرگە ھەم ئىركىن سوزلەش ئمكانى قالمىدى.

سوراق ئوستىدە قىيناش ئصوللارى بولسا، ئالقانغا مىخ قاقىش، قولغا، ئوشوققا باستۇرۇپ تۇرۇپ ئورۇش، جان يىرىگە قلتىقىش، مىكەگە مىخ قاقىش، ترناق توبىگە يىڭنە قاقىش، قىزىتقان تىمورگە دەسسەتىپ تۇرغوزوش، باشىنى توبەن قىلىپ ئاسىپ قويوش، بىرەر ھەفتە سوبەرمەي، ئوخلاتماي ئوزرە تۇرغوزوش، گاڭ زاغا باسىش، كومور ئوگاغى ئوستىدە پوگونلۇرۇپ ئولتۇرغوزوش، باشىنى سىقىپ كوزىنى چىقارىش، باشىدەكى چاشىنى يولوش، موز ئوستىدە تۇرغوزوش، قىنالىپ ئولگەن ئادەملارنىڭ ئولوگىنى كورسەتوش، توك بىرىپ قىيناش و باشقا تۈرلۈك چارەلەردىن عبارت.

ئولتۇرۇش ئصولى: مىكەگە قىزىتقان تىمورنى قىقىش، ئاغزىغا زەھرپاختا تىقىش، تىرىك تۇرغوزوپ كومۇش، ئۇرۇپ ئولتو

روش، چاپيب اولتوروش، تاغارغا سولاب جادودا تـوغراش آرد
غامچا ايله نوپوننى بوغوش، زهر اوچروش؛ بنزين چاچيـب
كويدوروش، غزا تماق بەرمەى آچدن اولتوروش، آتيب اولتو
روش و بونڭ سر تىدا دخى معلوم بو لما غان تـور لـى تو
صولڵەر.

## مخفى تفتش ايشلەرى

شلڭ شى سەى حاكميت اوستىگە چققان كوندن باشلاپسيا
سى تفتش اشىگە جددى كيريشدى. برنچى قاتيم گواڭدەنجوى
(گپئو) ادارەسى قوردى. بو خدمتنڭ اوصولى حقندە غـايبدن
كەلگەنلەر كوب يول كورسەتدى. تشكيلى كيڭەيدى. مخفى
خدمت قيلغو چىلار يلدن — يلغا كوپەييب. ادارەلەر، عسكرلەر،
مكتبلەر، صنفلار؛ كوچالار، سحرالار، تاغلار و تورلى كسبلەدەكى
آدملار بو خفيه لاردن پاك بولالميدى؛ بو خفيه آدملەر بر هفتەاچند
دە معلوم كشيلەر اوستىدن بر نچە پارچە معلومات يازيب بريش
كە مجبور. بو خفيەلەر شونچەلك حقوقلوقكى، ناظر، واليلاراوس
تىدن معلومات بىرالايدو، اولارنى توتوب قماققا تاپشورالايدو.
بر سافچى ادارەسينڭ حقوقى، دوبەن نڭ حقوقى ايله برابر تورو
ديغان بولدى. نتيجەدە بالا، اوز آتاسى قاشندا، آتا، اوزبالاسى
قاشندا بىرەر سوز قلشدن احتياط قيلديغان بولدى. 5 آدم بارجاي
دا، اونڭ بيرى خفيه بوليديغان بولدى. خلق «پاشاسون پاگى
حكومت، پاشاسون شلڭ دوبەن» ديگەنلى باشقا سوزنى ايتشقاقور
قوديغان حالغا كيلب قالدى. بتون دولتيمزدە بولماغان فقرالارغا
گواهنامه بيريش، يول خط بيريش اشلەرى يوز گوزولدى. بر
آدم بر شهردن 2 نچى شهرگە بارسا، يول خطسز باراليماس بول
دى. شلڭ شى سەى خفيه اوچون آدم اشله تشدە بيرى حكومت
كە حقيقى صادق آدمنى، بنا بيرى حكومتكە صادق ايمەس آدم
نى اشلەتدى. حكو متكە صادق ايمەس آدملارنى خفيه اداره
سيگە باغلاب الب، اولارنى بر — برى اوستىدن جاسوسلوقلاسا
ليب اولارنڭ اورتادەكى ايشەنچسيذى يوقاتدى. منا، بوندداغ

خفیه لرنڭ اوستندىن تكشوروش آلب باریلیغان فوق العادده خه یه لەر بلگو لەنىدى. دیمەك شڭ شي سەی بتــون اشیڭی منا شو خفیه اشلەریگه سویونوب اشلەدی. بتون خلق اومچوك توریغا بــا غــلا نــغا نــده لڭ تــور غــا بــا غــلا نــیــب قالدی.

# شیڭ شی سەی نڭ 10 یل لق حاكمیتی

شڭ شی سەی نڭ 10 یللق حاكمیت دوری، آدم قماش، اول توروش، چاپیش، خلق ایركنلیكینی بوغوش، خلق ملكینی مصادیره قیلش، خلق معارفیغا خیانت قیلش ایله اوتدی دیسه كمو، یغا بر طرەفدن اونڭ دوریده میدانغا چققان تورلی یاخشیلق تورلی اسلاحات اشلەرندن كوز یوموب اوتالمایمز.

بونڭ دورنده معارف جهتدن میداندا كورولگەنلەر بولسا؛10 یللق دور اچنده 1.664 نفرساقچی زابط، حكومت قاراماغنــدا 580 باشلانغوچ مكتب؛ 903·33 نفر اوقوغوچی، اویوشما قاراماغ دا 1.883 باشلانغوچ مكتب، 180.035 نفر اوقوغوچی میدانغا چقدی. اورتا مكتب، دارالمعلمین بولوب بو مكتبلەرده 3·974 نفر معلم یتشدی. خلق معارفی اوچون حكومت قــاراماغندا 266 ساوادسزلار مكتبی، اویوشما قاراماغندا 740 مكتب قورولدی. حكومت قاراماغندا 15·952 نفر، اویوشما قاراماغندا 138.444 نفر آدم ساوادلق بولدی. بونڭ سرتندا 22 كسب مكتبی 12 دارالایتام، 81 قلوب، 32 باغچه قورولدی.

صناعت جهتدن بتون اولكوده 1.725 كیلو وادلق ایلكتریك قوتی، 3 جایدا یغاچ زاوودی، 4جایدا اسپرت زاوودی، 6 جایغا عراق زاوودی، 4 جایدا توقوما زاوودی، بر جایدا سرەنگه زاوودی. برجایدا باسمازاوودی قورولدی. 3·423 كیلومیتر اوزونلقدا تاش یول یاسالدی. 25 تونالق 2.439 كوبروك سالندی؛ 35.963 كیلومیتر اوزونلوقدا 1·568 دانه اوستەڭ چاپیلب، 4·946·665 مو یاڭی یەر آچیلدی.

چەت دولەتلەردىن تۈرلۈك نەسىللىك ئات، كالا، قوي بولۇپ 10،338 دانە چاروا مال كەلتۈرۈلدى. 58 جايغا مال دوختۇرخانىسى، ھەربىر ناھىيەگە دېگۈدەك نەسىللاندۇرۇش ئىدارىلىرى قۇرۇلدى.

قومۇلدىن كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلاب ئاياغلاشقان كۈنلەردىن باشلاپ بۇ يۇرتتا مىللەتچىلىك،مىلىي ئاڭ ئۇسۇشكە باشلىغان ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن شېڭ شى سەي ئۆز دەۋرىدە تۈرلۈك يوللار بىلەن بۇنداغ ئادەملەرنى «تار مىللەتچى، جاھانگىر قويرۇغى» دېگەن نام ئاستىدا يوقاتتى. شېڭ شى سەي دەسلەپ ھۆكۈمەت بېشىغا چىققان كۈنلەردە ئۇيغۇر، تۇنگان، قازاق ۋە باشقىلارغا بەرگەن ئورۇنلىرى ئاستا — ئاستا تارتىپ ئالدى. يەرلىك خەلقتىن قالغان بىر ناظىرنىڭ ياكى بىر ھاكىمنىڭ ئورنىغا يەنە شۇ خەلقتىن قويماي باشقىلاردىن قويۇشقا باشلىدى. يەرلىك خەلققە ئاخىرى بارىپ ساقچىلىق، مالايلىق، قارا خىزمەت كارلىق، مۇئەللىملىك ئورۇن قالدى. كۆزگە كۆرۈنگۈدەك ئورۇندا بىرمۇ يەرلىك ئادەم قالدۇرۇلمىدى. كېيىنكى يىللاردا مائارىپنى قىسماق بولۇپ ئىلە يەرلىك خەلقنى مائارىپتىن قاچۇرماق ئۈچۈن 1941 نچى يىلىدىن باشلاپ دارالمۇئەللىمىن، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ھۆكۈمەتتىن بېرىلىپ كەلگەن تەمىناتىنى بەرمەس بولدى. بىچارە، ئەطرافلاردىن ئورۇمچىگە كېلىپ ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن زور بىر ضەربە بولدى. باشلانغۇچ مەكتەپ راسخودى قىسقارتىلدى. مۇئەللىملەرنىڭ تەمىناتى يىلدىن يىلغا ئازايدى. مۇئەللىملەر يىلدا بىرەر قاتىم كىيىم ئالىپ كىيىشنى بوياقتا تۇرسۇن، يىلدا بىر قاتىم كۆينەكنى يېڭىلىيالماس، قورساغىنى تويدۇرالماس حالغا كەلدى. كۆپ مۇئەللىملەر قالمىدى. خەلق بالىلىرىنى ئوقۇتۇپ كۆپ زىيان چەكتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياڭى مەكتەپتە ئوقۇغانلارنىڭ دىنى ئېتىقادى ئاجىزلاپ، مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلار ئاراسىدا دىنغە قارشى تۈرلۈك سۆز، ھەرىكەتلەر پەيدا بولدى. بۇ سەبەبدىن خەلق ئۆز بالىلىرىنى مەكتەپكە بېرىشتىن بەزدى. تۇرپان، ئاستانە دە نەي گولاڭ، قاسىم قارى، عبداللطف كىبى ئادەملەر قېلىپ سالماق ئۈچۈن خەلقنىڭ نماز ئوقۇپ تۇرغان مسجدىنى بۇزدى. ئاقسۇدا ھەم شۇنداق ھەرىكەتلەر بولدى. مانا بۇنداغ ۋاقىئەلەر ئارقاسىدا ھەربىر جايدا قۇرۇلغان ئىبتىدائى مەكتەپلەر بالىسىز قالدى. ئوتتۇرا مەكتەپ، دارالمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كەلگۈچىلەر ئازايىپ تۈگۈدى.

شڭ شى سەى بۇ يول ايلە بر طرەفدن معارف ساحەسندەكى لارنى خلق سوزى بوينچە «افندىلەرنڭ اويگە كيريب قالغان چاش قان يەيديغان نرسە تاپالماى ھاسا تاياندب چقيدو» ديگەن حالغا كەلتوروب قويغاننڭ اوستيگە، يمان تربيە بيريب، معلمەر ايلە خلق آراسندەكى مناسبتنى بوزدى. افندى ديسە خلقنڭ چاچى تك توراربولدى. زيالىلەرنڭ، ياشلارنڭ خلق آلديندەكى آبرويىنى توشوردى.

آلتايدا قوزغولاڭ جدديلەشكەن كونلەردە، برمونچە يەرلى ياشلارنى بولسا، سوقوشقا سالش؛ بولميسا؛ قاللاب توپلاب يو قاتماق خيالى ايلەنەو آلتى شهر؛ تورپان اطرافندن نچە مڭلاب ياشلەرنى «اوقوتومز» ديگەن نام آستندا اوروەچيگە پيادەھايداب چيقب؛ بر قسمينى يول ياساش، آكوب قازدوروش اوستەڭ چاپدو روشقا سالدى.

قالغان برقسمينى آلتاى سوقوشىغا آلب باردى. بولارغە قوروق زاندن باشقا ھيچ قانداق برتماق بيريلمەگەنلكدن كوپى تورلى كە سەل ايلە اولدى. بولارغا خوددى سوقوشدا اسير توشكەن عسكر لرگە اوخشاش معاملە قيلدى. بو سببدن اون مڭدن آرتوق ياش ضايع بولوب توگودى.


بوا ون يللق ددور اچيندە مصادير قيلش، زايوم چقاريش پاى توپلاش، حال سوراش كبى اصوللار ايلە خلقنڭ بايليغينى اوز يانچوقيغا توپلاب آلدى.

## التاى قوزغولاڭى

شڭشى سەى تورلى چارەلر ايلە خلقنى ايكنچى باش كوتو رالماس حالغا كلتوروب آلغان بولسيمو، اما آلتايدەكى قازاق خلقى اونڭغا باش اگمىدى. قوزغولوشقا جرعت قىلاليدى.

آلتايدا شڭ شى سەيگە قارشى برنچى قوز غاليش شرف خان توره قاماليش ايلە باشلانيدو. شرفخان توره بولسا، بتون قا

زاق خلقینڭ سویگەن، اعتـ
قاد باغلاغان عقلی بر آدمـ
لەور. بو شرف خان توره مینـ
گونڭ 16 انچی یلیدن 8 انچی
یلیغا قدر بو ولتوقای غا حا
کم بولوب تورغان کونلریـ
دە، یالڭز جنگلەرنڭ تورلی
یامان حرکتلریگە قارشی نا
راضیلق بورگوزو دو. بو
سببدن شرف خاننی اوروە
چیگە آلدو روب بر نچە
زمان بوش یـا تقـو
زوب قویـوب، کیینچـە
عسکرلرگە اوزوق یتیشتو
روب بیریش خدمتی ایلە
قمول انقلابی غا ایبەریدو.



شرف خان توره.

بو شرف خان توره ده قمول
انقلا بیغا خیر ـــ خواهلق،
جلڭغا قار شیلق حر کت سیز یلگەندلکدن حکو مت طرف توتـ
ماق بولغاندا، 9 انچی یلی روخصتسز آلتایغا قاچیب باریب آلـو
دو. 22 نچی یلی 4 نچی آینڭ 5 نچی کونی آلتایدا جلڭغا قارشی
قوزغولاڭ کوتورولودو. شویلی 9 نچی آیدا گوچوکدن ماجـوڭ
یی طرفدن ماخی یڭ آلتایغا باریب: آلتای خلقی ایلە برلکـدە
بتون آلتاینی قولغا آلیدو. بو قات بەیزی سارسومبە گە حاکم بولودو.
ماجوڭ بی ایلە خواجە نیاز حاجی اورتاسی. بوزولوب شڭ
شی سەی حکومت باشیغا چققاندن صوڭ حکومتدن وکیل بولوب
بورهان افندی آلتایغا باریدو. بو اورتادا شرف خان توره خواجە
نیاز حاجی طرفگە اوتوب، ماخی یڭغا قارشی سوقوش قوزغاب ما
خی یڭنی چوچەککە سوروب چقاریدو. بورهان افندینڭ تکـ
لیفی ایلە شرف خان شڭ شی سەی ایلە برلیشیدو. 22 نچی یلی ا ـ

ئى 13 نچى كونى اوروەچيدن كلگەن امير بوينچە شرف خان آلتايغا والى و جنكبى سلك بولوب اولتورودو. شوندن صونك خلق معارفينى ترقفى قيلدوروش ايشى ايلە مشغول بولودو.

شلكشى سەى پلان بوينچە خواجە نياز حاجى كبى كاتتالار نى قاماقفا آلغاندن صونكرە، املى شرفخان تورەنى قاماقفا آلماق اوچون 28نچى يلى (موندن صونكغى يللار چين جمهوريتى نلنك يلى بوينچە كورسوتولودو) قازاق، قرغيز، موكغول و كيلەلرى قورولتايى ديگەن نام آستيدا برقورولتاى آچيلدو. بوقـو رولتايغا شرفخان، ادەن والك؛ بوقات بەيزى كبى قازاق كاتتا لرينى چاقريلدو. 8- آيدا قورولتاى اوستندە يوقورقى كاتتالار نى هيچ بر گناهسز قاماقفا آلودو. بونى آڭلاغان آلتاى حلقى نهايتى زور غضبكە كيليدو. اشنك آلدينى آلماق اوچون شلكشى سەى قورال سايمان ييغيش حركتينى قوزغاپ آلتاى وباشقا جاي لارغا قورال سايمان ييغيش تور كومى ماكدورودو. آلتاى خلقى نلنك بتون كاتتالرى اوروەچيدە بولوب قالغانلقدن قازاق خلقى اوزلرى قايداغ چارە كورمەكينى ايزدەيدو. آلتايداخويە اشلرى بك جددىلاشيدو. املى آلتاى قزيللاشقودەك ديگەن پارلك آڭلانيب بارکول قازاقلرى گانسو؛ چنكخەيگە قاراپ قاچشقا باشلايدو. قاشقى موكغوليەدن كيليب قمولغا معاون والى بولوب تورغان آباو بو قاچيب تورغانلارنى توساشقا كريشيدو. الەن والك، عالـم تەيجى، كەكەن تەيجى، كوكوناى تەيجى، مقاش، بەدى قنارلق آدملەر قامالدو. جواسەلى برآدم آلتايغا باريب، بتون آلتاى باش لقلرينى سارسومبەگە توپلاپ قورال ييغيشقا مجبور قليدو. شرف خان نلنك آلتايدا قالغان باش كاتيبى مينكاى (بوقات نلنك آتاسينلك اينيسى) خليل كبى آدملەرنى توتوپ پوتقولىغا كيشەن سالىب آيرو پلان ايلە اوروەچيگە الىب چيقيب قامايدو. قازاق خلقينلك دينى پتە كچيسى 70 ياشار آقت حاجينى قاماقفا الب، اونلك نورغون قرآن، كتابلرينى آياق آستيغا تاپيب كويدوروب تاشلايدو. بو آدم بولسا توركيە و ياقين شرق مسلمان دولتلريگە باريب قايتقـان مشهور بيلملى پرشاعر ايدى.

مونداغ تورلى ناحق ظلومغا چداشقا تاقتى قالماغان آلتاى خلقى قوزغالماققا مجبور بولودو. 29نچى يلى 2نچـى آى 2انچى كونى، كوكتوقاى حاكمى خلقدن قورال يغماق بولـوب شاكورتى، ديگەن جايغا كالگەندە، حاكم وقورال يغشقا كالگەن حكومت آدملرينى خلق اولتوروب قويودو. بوواقعەدن صوگره رەسمى قوزغولاڭ كوتورولوب، اسمقان تەيجىنڭ بتەكچيليگىدە انقلاب باشلانيدو. دەستلەبكى سوقوشدا آق تكەدە، توغاى باى، او كورداى شهيد بولودو.

بو قوزغولاڭ زورايب حكومت عسكرلەرينڭ قوللارينـى قولغا توشوروب آلودو. ايروەچيدن قورال يغماق اوچون بارغان حونامالى آدم آلتايدا يالڭز سى لكنى قالدوروب اوزى اوروەچى گە قايتب كەلدو. نتيجەدە بوقوزغولاڭ 2 نچى آينڭ 19 نچـى كوندن 9 نچى آينڭ 9 نچى كونىگە قدر دوام قيلدو.

شڭ شى سەى اوروەچيدن كوب كوچ ماشقوروب سوقوشقان بولسەمو، نتيجە چقار الميغانلقدن قوزغولاڭچيلەرنى سولحگە تكليف قيلدو. بو تكليفنى قوزغولاڭچيلەر قبول كوروب حكومتكە: 1 — ساقچى ادارەسى بوق قيلنسون، 2نچى، شرق تاغـدا (كوك توقاى، چڭگيل) حاكملرنى قازاق خلقى اوزى سايلاب آلشقا يول بەرسون، 3 نچى قامالغان قازاق كاتتالزى وباشقا انقلابچيلەر آزاد قيلنسون، 4نچى قوزغولاڭدا وەيران بولغان خلققە ياردم قيلسون ديگەن 4 تورلى طلبنى بەريدو. شڭ شى سەى بو طلبنى قبول كوروب 9نچى آينڭ 9نچى كونى اوروەچيدين بوقات بەيسى، جانمقان حاجينى، رەقت تەيجىلەرنى تورمەدن چقاريب آيروپلان ايلە آلتايغا يبەريدو. بولار وكيل بولوب قوزغولاڭ رايونيغا باريدو. اورتادا توختام بولودو. بولارغا ياردم بەرمـەك اوچون شينجاڭ لى تڭجاڭ اوجايغا باريدو. نتيجەدە آلتاى واقعەسى حل بولوب بوقات والى، جانمقان معاون والى، رەقت كوك توقايغا حاكم، دليلقان چڭگلنڭ اورون باسارى بولوب خزمتكە اورونلاشدى. چڭگل، كوكتوقايغا برنچە ماشينا داشيكر، چاى، گەزمال ياردمگە باريدو.

كونلەر اوتدى، آيلەر اوتدى، توختاملەكى شرطلەرنڭ كوپى اورونلانمەدى. قامالغانلار هەمەسى چقمادى. ساقچى ادارەسى اوزخلەمتدى، تخ ...ە كوچاپتدى. شواەر تادامعاون.... داى موزدن (قازاق) كوك توقاىغا بارىپ، كوك توقاى ايلە سارسومبە اور تاسىغا اودول تاش بول سالامز دەپ قازاق كاتتالەرىنى يغپ، 3000 آدم، 500 قوى بىرەمزلەر دەيدۈ وەقت، خلىللەر «والى دن بوحقدە امر يوق، سەن نمەدەيسەن» دەپ خاپا دولەپ، قاتتق نارا ضيلق بلديردى. بونڭ اوستگە غايپلن كالگەن كان تكشورش اوەگينك آدملەرى شرقى تاغقا بارىپ تكشورەش ايشنى آلىپ باردى. 30 نچى يلى 6نچى آىنڭ 22نچى كونى، وەقت، قالمان، قاليل، شرى، اسقان باشلق برتوپ آدم طرفندن 2نچى قاتم بانا قوزغولاڭ كوتورولدو. بوواقعە اوچون حكومت طرفندن وكيل بولوپ جانمقان ماشناغا اولتوروپ كوك توقايغا باردى. قوز غالغانلەر: «1نچى بزنڭ بربەزدە الخنبر توماسون، 2نچى ساق چى تورماسون، 3نچى عسكر تورماسون، 4- قاماققا آلغانلارنڭ او گەن بولسا، سويەگنى، تيريك بولسا، اوزنى چقارىپ بەرسەن، 5نچى سار سومبە ايلە كوك توقاى اورتاسىغا تاش بول سالنمو سون» دەپ 5تورلى تلەك قويدو. شڭ شى سەى بو شرطنى قبول قيلپ اورومچيدن شوتكجاڭ، ۋاڭداوچەن نى آلتايغا ايبەردى. صحبت باشلنپ نتيجە چيقار ـــ چقماس يانا قوزغولوش دوام قيلپ، بوسوقوش 30 نچى يلى 9نچى آيغا قدر دوام قيلدى.

شڭ شى سەى بوقوزغولوشقا قارشى اورومچيدن جاڭپوفون نى باش قوماندان قيلپ 16- پولك، 20- پولك توپچى عسكرلەر، بىرو نيويك ماشينالەر ماڭدوردو. شڭ شى سەى اوزى راديو آرقا لى سوقوشقا قوماندانلق قيلدى.

10 نچى آيغا يەتكەندە، هوا بك سوغوق بولوپ، چاروا ماللار جودونگە اوچراپ قوزغولاڭچىلەر برآز قيينچلق حالدا قالدو. بوفرصتدن فايدالينپ حكومت اولارنى سولحگە چاقردى. حكومتدن جانم قان بارىپ اولارغا تشويق قيلپ سوقوشنى توختاتدى. بونڭ آرقاسندن جانمقان اوغلى دلدلقان هم باردى. زور مجلس آچيلپ مسئلە حل بولودو. بومجلسكە قاتناشماق اوچون

كەلگەن لى تكجالڭ« شوتكجالڭ سارسومبەدە آقريب قالدى. بارب آماندىشيب قايتسا گزلەرنچوك»دەب قازاق كاتتالارينى سارسومبە گەبارمافقا تكلىف قيليدو. بعضيلەر باريش كرەك ديسە، بعضي- لەر بارماس كرەك دەب نتيجەدە خليل، قالمان قازى، رەقت، شرى زنكى، اسمقان اوكورداى، آبراى قان، ناقش تاى زالين، عمرقان اوكورداى كبى كاتتالەر آلدانيب سارسومبەگە كيليدو. بوجاى دا لى تكجالڭ، شوتكجالڭلەر «منڭ ايلە آماندا شيب قايتسون دەب دو بەنلەن تيلغرام كيلب قالدى» ديگەن سوز ايلە يوقورقى كاتتا تالارغا بوقات بەيسى لى قوشوب 21 نچى كونى آيروپلانغا ساليب اورومچيگە آلب چقيدو، گەب ـ سوزسز تورمەگە ساليدو.

## عثمان باتور قوزغولاڭى

برنچى، ايكنچى قاتمقى قوزغولاڭغا قاتناشقان عثمان باتور شڭ شى سەى دە ايشەنچ يوقليقينى سزب، قوراليني تاپشورماى يورگەن بولودو. شڭ شى سەى تورلى چارە قوللونوب بولسا هم عثمان باتورنى قولغا توشورمەك بولودو. اونڭغا الچى لەر ايبە ريدو. برنچى قاتم كرم زالين، ايكنچى قاتم قابدالله زالين، 3- قاتمدا رەقم زالين الچى بولوب بارغان بولسيمو، قوراليني تاپشو روب بەرمەيدو. حكومت توتماق بولوب عسكر ماڭدورودو. عثمان باتور، سليمان باتورلەر 6 آدم تاشقى ماڭغوليە چيگاراسندا 18 آى غاقلەر يورگەن بولودو.

بوزامانلاردا دونيا وضعيتى اوزگوروب، شڭ شى سەى ايلە قايدين كەلگەن كشيلەر اورتاسندا مناسبت يامانلاب، اچكى زيدلق جدديلاشيدو.

عثمان باتور چيگارادا تاشقى مانغوليەنڭ قاراول عسكرلرى ايلە توقونوشيدو. اولاردن 2 نفر عسكرنى اسيرگە آليدو. بووا قيعە مناسبتي ايلە 34 نچى يلى 3 نچى آيدا عثمان باتورنى تاش قى ماڭغول عسكرلرى توتوب ماڭغوليەگە اليب باريدو. عثمان باتور 4 آى تاشقى ماڭغوليەدە توروب، 7 نچى آيدا آلتايغا قايتو دو، و تاشقى ماڭغوليە ايلە علاقە باغلايدو. مال اونكوزوب قو رال ساتيب كەلتورودو. آستا - آستا اوزطرفيگە آدم توپلاب قوز

غولاشينى كيچكەيتشكە كريشيدو. بونڭ اوچون آلتاى خلقيـنى
آزاد قلش هيئتى تشكيل قلب تشويق تاراتيش اشلريگە مشغول
بولودو. بورگوت باى باشلق خلق آراسيغا تشويقغا بارغان 18 آدم
حكومت قوليغا توشوب قالدو. 34 نچى يلى 4 نچى آيدا 6 دانە
آيروپلان اوچوب كيلب شڭ شى سەى عسكرى اورونلاشقان بوي
غون (چيڭگيل دە)نى بومبار ديمان قليدو. عسكرلر چكينيدو.
بوندن صوڭ عثمان باتور چيڭگيل نى اشغال قلب، اوندن آلغا
باسيب گوك توقاى، بورولتوقاى نى باسيب اوتوب بورجين، قابا،
سارسومبە، جمولەى گە قدەر باريب يتيدو.
بواورتادا شڭ شى سەى ياناسولح گە تكلف قلغان بولسيمو،
اما 2 نوبت قليشقان سولح نڭ نتيجەسينى كورگەن عثمان باتور
بوتكلفنى قطعى قبول قلمايدو. اوروەچيدن وكيل بولوب بار
غان قازاق، قرغز اويوشما رئيسى مقمود، قالمان قازى، قايتيب
كەلمەيدو. نتيجەدە سارسومبەدن باشقا هەمە اطراف عثمان باتور
نڭ قوليغا اوتودو.

واقعە بوجايغا يتب كەلگەندە، شڭ شى سەى اورنيدن توشوب
اچكرگە كتيدو. اونڭ اورنيغا اوجوڭ شين اولكولوك حكومت
رئيسى بولوب كيليدو. بوآدام كيلبلا تورمەدن قازاق كانتالريدن
ئەلەن ۋاڭ، كوكوناى تەيجى، بەدى، نەقش، قالمان، شرى كبى
آداملەرنى چقاريدو. بولاردن كوكوناى، ئەلەن ۋاڭ، دليل قاز
لەرنى وكيل قلب آلتايغا ماگلورودو. برنچى آى 4 نچى كوني
دليل قان، ئەلەن واڭ، مقاش، كوكوناى، بەدى، عمرقان، قايم
قايزى، قاجى نبى، تورسون بەگ، جاقوب بەگ سارسومبەگە
باريب گاوبەى يو، واڭ شەنجاڭ، خەن توەنجاڭلەر ايلە برگە
3 ماشيناغا اولتوروب 2 نچى آى 26 نچى كونى بورجين گە باريدو.
آلتايدا جانم قاننڭ وەن سى جاڭ آرقالى يازغان مكتوبينى قبول
قلب منات باتور حكومت ايلە علاقە باغلايدو. ئەلەن ۋاڭ، مقاش،
گاوبەى يولەر بورولتوقاى غا، مقات، بەدى كوكوناى لەرجەو
لەى-قابا مسئلەسينى حل قلماق اوچون منكور جايغا باريدو دليل
قان (ۋاشنڭ اوغلي) باشليغندەكي قوزغولاڭچيلەر «قوشولمايمز»

دەب وكيللەرنى قايتورودو. 3 نچى آينڭ 22نچى كونى دليل قان، گاوبەي يولەر سارسومبەگە قايتب كلب برمجلس آچيلدو. خلق آراسيغا تشويق قلماق اوچون 20نچەبالانى ماگلوررودو.

تورسون بەگ، قايمقازى، تاتاي تەيجى، عمر قانلەرنى وكيل قلب يانا عثمان باتورغا ايبەريلدو. بو بارغان وكيللەر قايتب كيللمايلدو. حكومت طرفدن قورال آشلق توشوب بارغان كوپتوگە، ماشينالرى قوزغولاڭچيلار قوليغا توشوب كەتيلدو. اوجوڭ شين هيچ بر چارە كورالمايلدو. سارسومبەنڭ اطرافى محاسيرەگە آلينب علاقە يوللارى اوزولودو. يوزجلڭ اون برسر آلتونغا برابر بولودو. سارسومبەدە قالغان حكومت عسكرلرى يريم يلغا قدەر كيم، پول، اوزوقسز قاليدو. عثمان باتورنڭ عسكرلرى 5 نچى آينڭ 20نچى كونى سارسومبەگە هجوم قلب باسيب كرالماي قايتيلدو. 6 نچى آينڭ 20 نچى كونى يانا بررەت هجوم قليلدو. 8نچى آينڭ 5نچى كونى نەلەن ۋاڭ، سليمان باتور، جانمقان آيروپلانغا اولتوروب تلارومچيگە كيليلدو. گاوبەي يو سارسومبەدە قاليلدو. 9نچى آينڭ 6نچى كونى ايلى قوزغولاڭچيلرينڭ عسكرى آوتان ديگەن جايغا هجوم قلب كيليلدو. بوجايدا عثمان باتورنڭ عسكرلرى ايلە اوچروشودو. نتيجەدە سارسومبەگە هجوم باشلانيب 3000 دانە حكومت عسكرى 9نچى آينڭ 8نچى كونى سارسومبەنى تاشلاپ تاشقى ماڭغوليە چيگاراسيغا قاراپ چكينيلدو. بولەرنى آرقادن قوغلاپ باريب قورالسزلاندوروب سارسومبەگە قايتوروب آليب كيليلدو. نتيجەدە آلتاى ولايتندە اوجوڭ شينڭ قوەتى قالمايدو.

## شڭ شى سەينڭ مركز قاناتى استيغا كريشى

آخر زامانلاردا حاكميتنى اوزقولندا توتوب قالماق اوچون معلوم طرف ايلە يافين علاقە باغلاغان بولسيمو، اما يللەرنڭ اوتوشى آرقاسندا كوروندەكە اورتاسى ياخشى بولسيمو، اچكى طرفدن بر-بريگە زيد حركت باشلانيدو. اوندا اوستىگەسەۋيت - گيرمان سوقوشى باشلانيب، دەسلەپدە گيرمانيەنڭ غالبيت قازانغانلىقى كورونودو. بو فرستدن فايدلينب شڭ شى سەي مركزى حكومت ايلە ياقنلاشيشقا باشلايدو. بو اوقتادا مين بى گو، ۋاڭ

باوچەن، زانگاوفوگلەر طرفىدىن شىڭ شى سەى نى يوقاتماقچى
كتىپ اويوشتورولودو. بومناسىبەت ايلە 500 دىن آرتوق آدم بناتور
مەگە توشودو. بوواقتدا قامالغان كشىلەرنىڭ اچىندە غايبدىن كەل
گەنلرى بولسا، اوزجايىغا قايتورولودو. شىڭ شى‌سەى دەستلەب
غربى شمال سوقوش رايونى نىڭ قوماندانى جوشاولەڭ ايلە
علاقە باغلايدو. جوشاولەڭ الگر آخربولوب 5نوبت اوروم‌چى-
گە كىلىب كتىدو. الڭ آخرىندا جاڭ وى‌يوەن جاڭ‌خانيەى سوڭ
مى‌لىن، جوشاولەڭ، اوجولڭ‌شين، ليەن‌خەن‌ساولەر اوروم‌چىگە كى-
لىب، اولكولوك حكومتنى رسمى حالدا مركزگەقاراتش، اولكو
لوك فرقە بولوەى قوروش؛ مركز عسكرلەرىنى آلب‌چيقب‌اورون
لاشتوروش كبى مسئلەلر اوستىدە مذاكيرە يورگوزودو.

1943 - يلى برنچى آيدا گومين داڭ فرقەسىنىڭ شىڭ‌جاڭ
اولكولوك فرقە بولومى نهايتى زور داغ — دوغىشى اچىدە قورو
لودو. آزوقت اوتمەى اونىڭ شعبەسى همە جايغا قورولوب، اوي-
غورچە، خەنسوچە سەن مين جويى كتابى باسىتوروب تارقاتيلي-
دو. خلق‌ومعارف آراسىدەكى لينينىزم، و . ك . پ . ب (كام
مونيست فرقە تاريخى) و شونظريەدە بولغان تورلى درسلك، ادە
بيات كتابلرى خلق قولىدىن يغب الىب فرقەگەتاپشورولدى. شىڭ
شى‌سەى اوز زمانىدا بيوك رولدا توتقان جهانگيرلك كە قارشى
توزوش اويوشماسىنى قاپاتدى.

قمولدا و باشقا جايدا تورغان اوزون چاپانلق عسكرلر، غا
يبدىن كەلگەن معلم، انجينير، مصلحتچى، دوختور، فقرالراوز
جايىغا قايتورولدى. اولارغا نرسە ساتش، اولاردىن نرسەآلش‌و
علاقە قيلش اشلەرىنى نهايتى قاتتق چەكلىدى. اورتادەكى‌مناسـ
بت پارغانسيرى ياماننلاشدى.

خلق گرچە مركز اطاعتىگە اونلوق، سەن مين جويى پنم
گەلدى دەب خرسند بولغان بولسەمو، اما سەن مين جويى لى
حكومت اوستىدە يانا شىڭ شى سەى تورغانلقدن يانا اوميد سز
حالىدا قالدى. بعضىلر زمانى اوزگرگەنلكدىن شىڭ شـى سەى

مرکزگە قارادی، امما مرکزنڭ کوزینی بوياب برکون بولەيسا
برکون یانا یوز اوروبدو دەب بویاشکی اوزگوروشکە شبهە بلەن
قارادی. مرکزی تعلم — تربیە اومکینڭ شعبەسی اوروەچیلەقو
رولوب بتون حکومت خادملری نوبت ایلە بوجای‌دا سەن مین جو
بی‌لق تعلم — تربیە کوردی. امما سەن مین جو یېلەکی عملی
اشلر ایشلەنمیگەنلکدن خلق یانا بورونقی حالەتندەقالدی.

اونڭ اوستیگە اچکی اولکودن سەن مین جوبی نی تشویق
قیلغالی چققان بعضی‌آدملر، سەن مین جوید‌ا کورسوتولگــەن
یوللار ایلە اش آلب باریش بویاقدا تورسون، خلقنی خرسند
قیلش؛ خلق کوشکلیگە تسلی بېریش اویاقدا تورسون، بلکی‌خلق
نڭ زیدیغا تیگیدیغان؛ خلق روحیغا ضربە بېریدیغان تشویقلرنی
یورگوزوشکە باشلادی. یەرلی خلقنڭ روحی حالی ایلە حساب—
لاشماي اش قیلدی. یەرلی ملتلرنی آسمیلاتسیە قیلش ( تمثل )
معارفنی داخللاشتوروش، نیکاحنی برلەشتوروش دیگەنگە اوخ—
شاش سوزلر مکتپلردە غزتەلردە، نطق‌لەردە کورولوشکە باشلا
دی. یەرلی خلقنڭ بورونقی ملت دیگەن اسمی آلب تاشلانیب، او
لارغا نسلداش اوروغ‌دیگەن نام بېریلدی. خلق بوپاراکلارنی
آڭلاب دخیمو زور اندیشەگە توشدی. سەن مین جوبی‌نڭ ملی
مسلەکی اچندە بولغان برنچی ملتلر حقوقدا برابربولودو، ایکنه
چی، چیگارا ملتلرنڭ اوزینی — اوزی ادارە قیلیشیغا یاردم بېری
لیدو. دیگەن نظریە قوروق کاغذ یوزندە بولوب قالب، یەرلی
ملتلر هیچ قاندا‌غ برحقوقلی ادارە اشلەریگە قاتناشتورولمیدی.
یەرلی ضیالیلار چەتکە قاقیلدی. بورونقی نامینی اوزگرتکەن‌جلڭ
اوچو (باش ساقچی ادارەسی) خفیە اشلرینی تیــخیــمو کــېــ
کەیتدی.

سەن مین جوبی لق دور باشلانغانلقدن، خلق «باشقا بریاخ
شیلق‌اشلەب بەرمەسیمو، موندن صوڭ آدم قامیماس» دەب گمان‌قیلە
غان ایدی. امماش دیگەن جایدن چقمادی. فرقە بولومی قورو
لوب 2 نچی یلی 4 نچی آیدا شڭ شی سەي اوزینڭ بو رونقی
عادتی بوینچە یانا آدم قاماشقا کریشدی. مرکزدن کیلب فرقە

بولوەگە باش كاتىپ بولغان خوالڭ رو جن باشلىق كوپ مركز آدملرى تورمەگە توشلدى، اورتا مكتب اوقوغوچىلرى صنف — صنف بوينچە تورمەگە هايدالدى. بتون اولكونڭ همە جايندا بولوب 5000 گە قدر آدم قامالدى، بوقاتيم خلق «شڭ شى سەى يانا شڭ شى سەى ايكەن» دەب اونڭبو قيلغان حركتلريندن هيچ برەعنا چيقرالمادى.

# اوجوڭ شين نڭ رەئيس بولغانى

شڭ شى سەى مركزدن كەلگەن آدملارنى قوشوب بو قاتيم كوپ آدمنى قماققا آلدى. آلتاى قوزغولاڭچيلەرى اوروەچى اطرافيغاقدەر آياق باسيب قالدى. ديمك شڭ شى سەى‌نى اورنىدن يوتكومەى تورۇب بو يورتنى آمان توتوش ياكى بو آغر لاب بارغان مسئلەنى حل قيلش ممكين امەس بولوب قالدى.

شڭ شى سەى فرقە بولوم قورولغاندن صوڭرە چوڭ چڭگە بر باريب قايتب كەلگەن بولسيمو، 1944 — يلى 8 — آيدا يوتكول خوشلوشوپ اورنيني بوشوتوپ بيريب اوزى چوڭ چڭگە يوروب بەردى. بوقاتم شڭ شى سەى اچكى اولكوگە ماڭيشدن، بورون 10 يلدن بويان توپلوغان بەوين قمتلك نرسيلەرنى و توسەن گوڭسىدا ساقلانغان ايسيل ماللارنى 10نچەماشينادا برنچە نوبت لانجوغا توشوب آلدى. خبرگە كورە، شومالار آراسندا 12 تونا آلتون هم برگە كەتكەنمش.

9 — آى اچندە مركزدن اوجوڭ شين اولكولوك حكومت رئيسى بولوب اوروەچيگە كەلدى. بونڭ بلەن خلق «امدى شڭ شى سەى دن قوتولدوق، مركزنڭ قانانى آستيغا كردوق، حقوقيمز، اركينليكيمز تامين ايتيلور» دەب كوپ خرسند بولدى. اوجوڭ شين اوروەچيگە كيلب غنە تورمەدە ياتقان آدملارنى برنچە نوبتگە بولوب آزاد قلدى. 10 يللاپ جهاندن، بالاچاقا، آتاآنسىدن خبرسز ياتقان محبوسلار كوننڭ ساريغينى كوروشكە باشلادى. الگر — آخر بولوب 2600 گە قدر آدم قاماقدن چقدى. بو ياخشيلقنى كورگەن خلق اوجوڭ شين‌دن دخى زيادە اوميدلرنى كوتدى، براق شڭ شى سەى زمانندا كى يمان مأمورلاراوز

اورنندا قالدی. یەرلی ملتلار ینا حکومت اورونلریغا قاتناشتورلا
یدی. اوجونکچی یالغوزغنه دینی علمالرغه اهمیت بریب، جمـ
عیتنیک آساسی کوچلری بولغان ضیالیلار ایله مناسبت باغلامی
دی، اولارنی چەتکه قاقدی. مصادره ملوکلار قایتورولمیدی. پارا
خورلوق کوچایدی. مکتب معارف اشلەرینی خلقنینک طلبی گـه
قاراب آلب بارمای، خەنسوچه درسنی کوپەیتب داخیللاشتوروشقا
قاراب ماشغانلقدن معارف بارغانسیری خارابلاشدی.

مرکز اوچون تازا یاخشی، برفرصت کەلگەن ایدی. خلقنی
خوش قیلب، کوڭلینی آلب، اوتکەن کونلرینی اونتولدورماق او
چون برنچه توری یاخشیلق اش کورسەتمەکی لازم ایـدی.
اما اونی قیلالمای بریاخشی فرصتنی قولدن بیرب خلقنینک مر
کزگه بولغان ایشەنچیسینی عاجزلاتیب قویدی. خلق ینااومیدسز
لککه توشوب اوجونکچین سیاستیگه شبهه بلەن قارادی.

# 3نچی باب: ایلی ۋاقعەسی ۋەنچلق

## بنم دەۋری

### ایلیدا قوزغولوش

شڭ شى سەى نڭ اورنیدن یوتكولوب، اوجوڭشىن نڭ اوروە چیگە چیقب رئیسلك دە اولتورغان كونلری، آلتایدا قوزغولاڭ كوچویوب، حكومت عسكرلری آلتای نڭ شرقیدا زور مغلوبیتكە اوچراغان كونلرگە توغری كیلور ایدی. شویلی 7 نچی آیدا جڭ اوچونڭ باشلیغی لی یڭچی غولجاغا باریب كوب آدمنی قداقغـــا آلیدو. بونیدن خلق بەك ناراضی بولودو. اوروە چیدە اولكولوك حكومت تشكیلی اوزگرگەن كونلرگە اولگورتوب، ایلیدا قوزغولاڭ كوتورگوچی آدملرنڭ حركتی جدیلیشیدو.

8 نچی آی اچندە معلوم بر كشی پولات نامی بر آدم آرقالی علی خان تورەنی انقلاب كوتورەككە دعوت قیلیدو. علیخان تورە بواشدن قاچیب آرشاڭغا چیقب آلغاندا، بو معلــوم كشی آرشاڭغا قوغلوشوب چقیدو. نتیجەدە علیخان تورە بو معلوم آدم ایله برنچە مرتبە صحبت اوتكوزودو. اوزادا مخفی توختام توزوب اهضاقویوشیدو. بو معلوم كشی نڭ تانشتوروشی و واسطەچیلیگی آرقاسیدا بر تشكیلات قورولودو. بو تشكیلات اعضالاری علیخان تورە، صالح جان بای، متعالی خلفتم، محمدجان مخدوم، محی الدین، نورالدین بگ، عبدالرؤف مخدوم، عمرجان زنون طبیب، جانی بولداش، عباسوف، رحم جاندن عبارت بولودو. بولار دستلەب بەزە شكلیدە یوروب، انقلابی قایداغ قوزغاش، سوقوشدن صــوڭ قایداغ اش آلب باریش توغراسیدا مصلحت قیلیشیدو. اڭ آخردا بر ەر واقعەنی یورەگی چوڭ آدملر آرقالی باشلاماقچا قرار بیــریب، فاتیح دیب بر كشینی نیلقی طرەفكە ماڭدورودو. فاتیح نیلقــی تاغی آراسیدن قاچیب یورگەنلەنی، اكبر، عثمان كبی یورەگی چوڭ آدملرنی استەب تاپیب بولارنی تورلی تشویقی سوز ایله عصیان

تورمه ككه دعوت قيليدو. بو 7 8 گه قدر بولغان آدملر 8 — آی آخرندا نيلقی ناحيه‌سينڭ اولاستای ديگەن جايندن قوزغولاڭ نی باشلايدو. بو قوزغولاڭچيلر «آت تقلم قيلش اشيگه قارشی تورومز، باجغا قارشی تورومز» ديگەن تشويق ايله كوپچارو چی خلقنی اوزلريگه ارگه‌شتوروب آلودو. 10 — آی‌نڭ 8 نچی كونی نيلقی شهريني اشغال قيليدو.

بو واقعه آڭلانغاندن صوڭره، اولكولوك حكومت بو قوزغولاڭچيلرنی تشويق قيلب تنچلاندوروماق اوچون اوروەمچيدن جلك اوچونڭ معاون باشليغی ليوبندی، اچكی اشلر ناظری ديلشاتڭ خەی‌نی آيروپلان ايله غولجاغا ماڭدوررودو. بولار هيچ بر نتيجه چقارالمايدو. بتون ايلی بوينچه خلق آراسيغا «ياڭی تشكيل بولغان حكومتده اوميد يوق، قوزغولاڭغا قوشولوڭلار» ديگەن ضمونده تشويق ورەقه‌لری تارقاليدو. بووقتده ايلی‌دا حكومت نڭ بر پوالك آتلق عسكری، 7 ديويزيه، بر پلك، بر تنچلق ساقلا غوچی عسكری تورگوەی بار ايدی. اطراف ناحيه‌لرده غولغولا باشلينب، اوناحيه‌ده‌كی خەنسو خدمتچيلر بالا چاقالريني غولجا شهريگه كوچوروب كيلب آلودو.

بو قوزغولاڭچيلار 11 نچی آی‌نڭ 7 نچی كونی‌دن باشلاب غولجاشهرينڭ غربی قسمی‌غا هجوم باشلاپ تليغرام سملريني اوزودو. بووقتده خلق هم اچكی طرفدن قوزغولوب بوقوزغولاڭچيلارغا ياردم بيريدو. بوابرنادا بولغان سوقوشدا ليوبنديگه اوق تيگب اولودو.

حكومت نڭ ساقچی، عسكری، ملكی آدملری شهرنی تاشلاب آيروپلان خانه ايله حرم باغ غه چيكينب آليدو. عباسوف برنچه نوبت قورغاس طرفدن قورال كەلتورودو. قوزغولاڭچيلەرگه ياردم اوچون بعضی رسمی عسكر لەر پەيدا بولوب قاليدو.

# ایلی دا شرقی تورکستان حکومتی نڭ تشکیل بولوشی

11 نچی آینك 13 نچی كونی غولجا شهریده آی یولدوز لوق بایراق قبول قلغان «شرقی تورکستان» حکومتی تشکیل بولودو. بو حکومتگه علی خان توره رئیس، حاکم بك خواجه معاون رئیس بولوپ بەلگولینیدو. بونڭ آستندا مرکز اداره، مالیه نظارەتی، معارف نظارتی، دهقان - چارواچیلق نظارەتی، صحیه نظارەتی، مفتش نظارەتی، حربی نظارەت، خارجی نظارەت، عالی عدلیه نظارەتی قورولودو. مالیه ناظرلقیغا انوەر موسی بایف، معاونلقیغا گربینکین، معارف ناظرلقیغا سیف الدین، معاون لقیغا حمید، صحیه ناظرلقیغا محی الدین، تفتش ناظرلقیغا جانی، حربی ناظرلقیغا آلك ساندیر، تعمیرات ناظرلقیغا سالح جان، عالی عدلیهگه محمدجان مخدوم، باش کاتبلققا عبدالروف مخدوملەر تعینلینیدو.

12 نچی آینك 31 نچی كونی قوزغولاڭچیلەر كوب اوزون سوقوشدن صوڭ حرم باغنی اشغال قلیدو. بو واقعەدن صوڭره آرال توبه، تیكەس نڭ حاکم، ساقچیلری قاچیب موزداوان آرقالی قاراشەرگه، آرشاڭ، بوری تالادیكیلەر جڭغا كیلیب آلودو. شوندا غ قلیب غولجانڭ همه ناحیەلری اشغال قلینیب، یالغوزجنڭ حکومت قولندا قالیدو. حکومت اوروومچیدن ماشنورغان بتون کوچینی جڭغا توپلایدو.

# چوچەك نڭ اشغال قلنیشی

ایلی دا قوزغولاڭ بولوب تورغان كونلەرده چوچەكدە «ملی آزادلق جمعیتی» نام آستندا برمخفی تشکیلات قورولودو. بو تشکیلات مخفی تشویق وەرەقەسی تارقاتش یولی ایله خلقنی قوزغالماققا چاقریدو.

34 نچی یلی 3 نچی آیدا ایلی قوزغولاڭچیلری بورتالانڭ شرقی شمالیدن چوچەك طرفكه اوتودو. بولەر توب توغری

چوچەككە هجوم قلمای اوەل اوروەچی ایلە چوچەك یولیـــنی، جلڭ ایلە اوزوەچی یولینی اوزوپ تاشلایدو. آلتای طرفدەكی عثمان باتورنڭ عسكرلری دوربونجینگە قیدر كیلب قالودو. روسلەر طرفدن چوچەك اطرافندا توپولاڭ باشلاندیدو. 7 نچی آیدا ساوەن دەكی روسلەر قوزغولوب ساقچی ایدارەسیگە هجوم قلیدو. آخری باریب چوچەك محاصرە اچندە قالودو. والی یەن یوڭ، و هربر ادارە باشلیقلری چوچەكنی بوشوتوب بیریب سەویت توپراغیغا اوتوب آلودو. چوچەك سوقوشسز قوزغولاڭچیلەرنڭ قولیغا اوتودو.

8 نچی آینڭ 12 نچی كونی جلڭ - شیخو یولی اوزولوب جڭدەكی حكومت عسكرلری محاصرە اچندە قالودو. 9نچی آی 3 نچی كونیدن باشلاب، بوقوزغولاڭچیلەر آیروپلان یاردیمی آستندا شیخوغا هجوم باشلاب هناس چیگاراسیغا یتب كیلب هجومینی توختاتیدو. نتیجەدە ایلی، چوچەك، آلتای ولایتی بتونـــلەی قوزغولاڭچیلەرنڭ قولیغا اوتكەن بولودو.

## قوزغولاڭچیلەرنڭ آلتی شهرگە اوتوشی

تورك - اویغور خلقینڭ الڭ كوپ اورونلاشقان جایی آلتی شهر بولغانلقدن ایلی قوزغولاڭچیلری آلتی شهرنی اشغال قلماق اوچون آلتی شهر طرفكە برنچە بولوم عسكرماڭدورودو. 4نچی آینڭ 9 نچی كونی بوعسكرلردن بربولومی اوشاق تالـــغا هجوم قلیدو. 8 نچی آیدا تورقـــوننڭ آلاغوی دیگەن جایی غا كیلب حكومتنڭ كوپ آتلرینی هایداب كتیدو. 9نچی آیدا ساخان اوسون دیگەن جایغا باسیب كریدو. حكومت طرفدن قاچیب او توب قورالسزلانیب قالغان سوفی آخون علی خان توردنڭ امری ایلە قایتادن قوراللانیب 140 آدمنی ایلب باشلاب قاریپە دیگەن جای آرقالی آقسوغا توشودو. ایلی حكومتی بولارغا قـــوشوب عبدالكرم عباسوف، قاسم جان قمبرینی ایبەریدو. بولەر اوەل بای ناحیەسینی اشغال قلب عثمان داملانی حاكم، یاسین آخوننی ساقچی باشلیغی قلب اولتورغوزیدو. قوزغولاڭچیلەر آقسو یـــكی

شەھرگە يقنلاپ اوروەچى ايلە آلتى شەھرنڭ قاتناش علاقەسىنى او زودو. اوروەچى زور خوف آستىدا قالىدو. 9 نچى آينڭ 12 نچى كونى حكومت عسكرى آقسونى محاصرەدن قوتقوزوپ يڭى شەھرنى قايتوروپ آلىدو.

9 نچى آينڭ 23 نچى كونى ايلى قوزغولاڭچىلارى ايكنچى دفعە ھجوم قلىپ آقسو يڭى شەھرنى اشغال قلىدو. كونە شەھرنى قاتتق محاصرەگە آلىدو. ايلى حكومتى بولارغا ياردم بەرمەكاو اوچون عاسىل خان (على خان تورەنڭ كچىك اوغلى) حسن قارى، منور خواجەلەرنى ايبەريدى. بوآرادا آقسو سپىلى اچــگە كرىپ آلغان حكومت عسكرى وكوچاردن توشكەن عسكرلەرنڭ ھجومغا اوتوشى آرقاسىدا بوقوزغولاڭچىلار اشغال قلغان جايلرىنى بوشوتوپ ايلىغا قايتىپ كتىدو.

تاش قورغان واقعەسىگە كەلسەك، بوجاى سەويت آفغانچىگاراسىغا توتاش جاى بولوپ، بوندا كوبرەك قرغز، تاجكلەر ياشايدو. بوجايدن قەشقەر يڭى حصار، ياركند، قارغالقغا توپمو-توغرى بارغالى بولودو. ايلى، واقعەسى قوزغالغان كونلەردە بو جايدىمو، برنچە قوزغولاڭچىلەر پەيدا بولودو. 1944 نچــى يلى 10 آينڭ 3نچى كونى 30 گە قدر قوزغولاڭچىلەر سوباشندەكى ساقچى ايدارەسىگە ھجوم قلىپ بوجاينى اشغال قلىدو. خلق آراسىغا تشويق وەرەقەلرى تارقاتىدو. 8 نچى آينڭ 22 نچى كونى بوقوزغولاڭچىلەر زەمبرەك ياردىمى ايلە تاش قورغانغا باسىپ كرىدو. بوندان اوتوپ يڭى حصارغا يقنلىشىدو. 9نچى آيــنڭ 19 نچى كونىدن باشلاپ حكومت عسكرلرى ھجومغا اوتوپ بولارنى آرقاغا چكىندوردو. ايلى طرفدىكى اسحاق بەگ برنوبت تاش قورغاندا پەيدا بولوپ قالىدو. 1945 نچى يلى 2نــچى آيدا اوروەچىدە تنچلق بتم امضالانغان كونلەردە تاش قورغاندەكى قوزغولاڭچىلەر قارغالق، پوسكامنى اشغال قلىپ گوما يار كندگە ھجوم باشلايدو. حكومت عسكرلرى بارلق كــوچىنى اويوشتوروپ 2 نچى آى باشىدا ھجومغا اوتوپ قارغالق، پوسكامنى قايتوروپ آلودو. تاش قورغان قوزغولاڭچىلار قولىــدا قالىدو.

# ئىلى ھۆكۈمىتىدە ئىچكى قارىمۇ قارشىلىق

قوزغولاڭ كۆتۈرۈش ئالدىدا علی خان تورە ئىلە مخفی توختام تۈزگەن بر آدم، ئىلى، چۈچەك ئشغال قىلىنغاندىن سوڭرە مذكور توختامنىڭ تەتۈر سىچە ئش آلىپ باردى. بۇسەببدىن ئورتا دا قارىمۇ—قارشىلىق پەيدا بولوپ، ئىلى حكومتىنىڭ اعضالری پارتىيەگە بۆلۈندى. معلوم بزكشى طرفدارى بولغان مىھمانلەر كۈندىن كۈنگە كۆپەيىپ، مھم ئورۇنلەرنى ئىگىلەپ آلدى. ئىلى غا كەلگەن مىھمانلر علی‌خان تورەنىڭ ناراضلقىغا قارىماي قورغاس، تكەس، چۈچەك .... قاتارلى جايىدىن 500 گە قەدر رسمی عسكر پەيدا قىلدى. ئىلى حكومتى نىڭ بارلىق عسكری حقوقىنى فلنوف، مولانوف، اسحاق، مازاروف كبی مىھمانلەر قولغا آلدى. ملكی مىھمانلاردن منصور افندی چۈچەككە والی، موحسن مركز ادارەگە مصلحتچى، علی افندی ئىچكى ئىشلەرگە معاون ناظر، عمر افندی يەر سوادارەسىگە باشلىق، عبدالله افندی معارفقا معاون ناظر، سليمان (مضور افندی نىڭ ئىنىسى) تفتش نظارەتىگە ناظر بولوپ ئورۇنلاشدى. بورۇنقى تشكيلاتقا قاتناشقان 12 نفر آدم نىڭ كۆپچىلىكى مىھمانلار طرف بولوپ آلدى. گراژدانلقغا يازىلغۇچىلار كۆپەيدى. نتيجەدە مىھمانلارغا قارشى ئىچكى طرفدن كۈرەش الىپ بارماق بولوپ، علی‌خان تورە ئوزىنىڭ ئىشەنچلىك آدملرىدىن حسينم تەرزين، يوسف حاجم، ابوالخير تورە، احمد حاجى، منور خواجە، جمع‌آخون حاجى، عمرجان، حسن قارى، توردى قارى، ظوف‌قارى حاجم، محی‌الدين افندی، عبدالرؤف مخدوم، نورزدن بەگ، قاسمجان قمبری كبی آدملەر ئىلە بر گروپپا تۈزەيدى. بولارغە قارشى مىھمانلار گروھىغا عباسوف، احمدجان قاسمی، سيف‌الدين، انور، محمدجان، رحيمجان صالحجان كبی آدملەر ئويۇشدى. نتيجەدە بو ئىككى گروح ئورتاسىدا جىددى كۈرەش داوام قىلدى. مىھمانلار گروھى باشقالارنى سقيت چقىرىپ، حاكميتنى بتونلەى ئوز قولىغا آلىشقا ئورۇنسا، علی‌خان تورە گروحى حاكميتنى ئوزى ئستەگەن يولدا الىپ بارماق ئۈچۈن مىھمانلار گروحىنى سقيب چقاريشقا ئورۇندى.

# تنچلق صحبت نڭ باشلانيشى

34 نچى يلى 9 نچى آيدا قوزغولاڭچلەر نهايتى تېزلك بيله
مناس دەرياسينڭ قرغاقيغا كيلب قالغاندا، اوروەچى زور خوف
آستندا قاليدو. شيخو، مناس، قوتوبى، سانجى خلقى اوزيورتيـ
نى تاشلاپ اوروەچى طرفكه سورولودو. اوروەچيديكى حكومت
كاتتالرى وخلقلەر بالاچاقاسيني جوچوەن، لانجوغا يوتكەيدو.
اوروەچيدن چيقب كەتمەك بولغان خلق بتون نرسەسيني بازار
غا اليب چيقب ساتماقتا باشلاغانلقدن بازار بهاسى آرزانلاپ 1000
دوللارلق نرسه 50 دوللارغا توشودو. بازار آلوچى يوق، ساتو
چى ايله توشوب كتيدو. اوروەچى، قاراشهر، قمول ولايتى نڭ
سرتندا قالغان ولايتلەر تەپولاڭ آستندا قالودو. آلتى شهر ايله
بولغان علاقه اوزولودو. حكومت اوروەچى شهريدن خلقنڭ كـو
چوب چيقب كەتمەسيگه تكرار بويروق توشورودو. اوروەچى مدا
فعەسى اوچون اوروەچى دەرياسى اچيگه خندەك قازيدو. كاتتا
لەر حكومتنى واقتلق قمولغا يوتكەب تورماقتا حاضرلق كـورو
دو. مكتب بالالرى تارقاتيليدو. ايداره لـەرنـڭ ايشى تـوخ
تايدو.

وضعيت شول حالدا ايكەن، 9 نچى آى باشندا مركزده تور
غوچى سەويت سفيرى پيتروف مركزى خارجى اشلەر وظارەتيگه
توبنديكى مضموندا برمكتوب تاپشورودو: «سەويت حكومتيـنڭ
ايلى دا تورغوچى كونسوليڭ سەويت حكومتيگه كوندورگەن
مكتوبيغا كوره، شڭ جاڭدا قوزغولاڭ كوتورگەن خلق وكيللرى
مذكور كونسول خانەگه، روس دولتى اورتاغا توشوب، بزايله
جوڭگو حكومتى اورتاسندا بولغان توقونوشنى كيلشتوروب قوي
سا، دەب طلب قلغان ايكەن. سەويت دولتى اوزينڭ شڭ جاڭ اي
له چيگارا بولغان رايونلەرنڭ تنچليقيني استەيديغان بـر دولت
بولغانى اوچون اگر جوڭگو حكومتى قبول كورسه، اورتانى
كيلشتوروب قويماقتا امكانى بار ياردمنى كورسەتمەك يوزەسيـ
دن ايلى دا بولغان كونسوليمزنى بواشقا تعين قلماقچيمز» دەيدو. بومك
توبنى كورگەن خارجى وظارت توبندەكـى مـضموندا جواب
قايتورودو.

«شىڭ جاڭگىلىڭكى قوزغولاڭ مەسىئلەسىنى كېلىشتۇرۇپ قويۇشقا سەۋىت
ھكومىتىنىڭ ياردەم بېرىشىنى خوالاغانى، اوچون كوپ زەھمەت، ھكومەت بۇ مەس
ئلە اوچون جاڭ بوجاڭنى ۋەكىل قلىپ ايبەرمەك بولدى. قوزغو
لاڭ كوتورگوچى خلقنىڭ اورومچىگە ۋەكىل ايبەرىپ، جاڭ بوجاڭ
غا فكر بيان قلماقينى استەيمز».
بومكتوبدىن صوڭرە، جاڭ بوجاڭ اوزى ايلە برگە مەسعود
افندى، سوڭ شى لەن، ليوموڭ چوڭ، امين حضرت، عيسى بەگ،
واڭ زن شەن افندىلەرنى اليب 9 نچى آينڭ ايكىنچى كونى او
رومچىگە چقىدى. 10 نچى آينڭ 12 نچى كونى ايلى طرفدىن ۋەكىل
بولوپ ماشىناغا اولتوروپ احمدجان، رحيمجان، ابوالخير تورە 3 نفر آدم
اورومچىگە كېلىدى. اورتادا برنچە نوبت مذاكرە بولونغاندىن
صوڭرە، ايلى ۋەكىللەرىنىڭ «بزگە آزادلق» كېرەك دىگەنسو
زىدىن باشقا بىر رسمى تيلەك آلغاچ كەلمىگەنلىكى معلوم بولودو.
جاڭ بوجاڭ مركزنىڭ سزلەرگە بېرالايدىغان نرسەسى شول دەپ
بو گونكى تنچلق بتم لايحەسىنى مذكور ۋەكىللەرگە كورسوتو
دو. ايلى ۋەكىللەرى بو لايحەنى حكومتىمزگە كورسوتوپ آندىن
جواب بەرسەك دەپ 22 نچى كونى ايلىغا قايتىدو. 11 نچى آينڭ 13 نچى كو
نىگەيەتكەندە بو 3 نفر ۋەكىل 2 نچى دفعە آيرو پلان ايلە اورومچىگە كېلىپ
صحبتىنى داوام قلدورودو. فكرلەر ياقنلاشىپ بارىدو. بوقاتىم
برجايغا كېلىپ 3 نچى دفعە كەلگەندە بتمگە امضا اتمەك بولوپ
يانا قايتىدو. 12 نچى آينڭ 25 نچى كونى بو 3 ۋەكىل 4 نچى دفعە
كەلگەندە «اولكولوك حكومت رئيسى، اچكى اشلەر ناظرى، معا
رف ناظرى، تعميرات ناظرى يەرلى آدملەردىن سايلانسون، بتون
اولكەنىڭ سافچىلق اشلرى مسلمانلار طرفدىن تشكيل بولسون،
ولايتلەردە ملى قوشون تشكيل بولسون، مركزدىن شىڭ جاڭ
غا كېلىپ تورغان عسكرلر قايتىپ كەتسون» دىگەندەك طلبلەرنى
آلغاچ كېلىدو. بو يڭكى طلب مناسبتى ايلە صحبت يانا بوزولو
دو. نتيجەدە جاڭ بوجاڭنىڭ صبرىلك ايلە كەڭچىلىك قلىپ بو مس
ئلە اوستىدە ترىشىشى آرقاسىدا صحبتدىن خلاصە چىقىپ؛ 35 نچى
يلى برنچى آينڭ 2 نچى كونى اورومچىدە تنچلق بتم امضالىندو.


انچی ماددانیڭ قوشومچه 2 ماددا سی یانا امضالانمای قالیب قالیدو. بو واقتلەردە مرکزی حکومت ایله جونگگو کاممونیستلری اورتا سیندا داوام قلب تورغان صحبتگە مرکزدن وکیل بولغان یانا جاڭ بوجاڭ بولغانلقدن بوکشی مرکزگە ویەنئەنگە باریب اونده کی صحبتکە مشغول بولیدو.

3نچی آینىڭ 5 نچی کونی ایلی وکیللری 4 نچی دفعه اوروەچیگە کیلب، « ایلی عسکرلری اوروەچی، کوچار، آقسو، قەشقەر قاتارلی جایلارغا کیلب دولت عسکری ایله برگه تورسون، 3نچی یلنىڭ بویاغندا شڭ جاگغا چققان عسکرلەر قایتب کەتسون، سافچی، خفیه ادارەسی قاپاتیلسون» دیگەن کبی تیلەکلەرنی تاشلاب صحبتنی یانا آغرلاشتوروپدو.

4 نچی یلی 5نچی آی کونی حکومت ایلی وکیللریگە، سیلەرگە تیگشلك اورونلارغا کمنی کورسەتسەڭلەر، بزگە تیگشلك اورونغا کورسەتیلگەن آدملرییمز بولسا، پالانلەر دەپ اوٗلکولوك حکومت رئیسلکیگە جاڭ بوجاڭنی، معاون رئیسلککە محمد امین حضرەتنی کورسوتودو. بونکغا قاراتا ایلی وکیللری بزنڭ تەلەك بولسا شولەرددب 1 نچی جاڭ بوجاڭ 25 حکومت اعضاسینىڭ بری بولسون، 2نچی محمد امین حضرەت تعین قلنغان معاون رئیسلك اورونمن قالدورولسون، 3نچی 2 نفر معاون رئیسنىڭ بریگە احمدجان بولسون، اگر بو طلب قبول قلنماسا، بتمگە امضا اتمەیمز دەب قاتتق تورۇب آلیدو. آخری تعمیرات ناظرلقیغا بەلگولەنگەن بورهان افندینی معاون رئیسلککە بەلگولەب اونىڭ ناظرلق اورنینی محمد امین حضرەتگە بیریش شرطی ایـلە ایلی وکیللری حکومت طرفنىڭ قالغان یوقورقی ایککی فکرینی قبول قلیدو. آخر 6نچی آینىڭ 6نچی کونی قوشومچە ماددالری قوشولوب بتم رسمی امضا قلینیدو. بتمگە امضا ایتش مراسمیغا سەویت، کونسولی برگە قاتناشیدو.

نتیجەدە مرکز طرفدن جاڭ جی جوڭ (بوجاڭ) (رئیس) لیومولڭ چوڭ (باش کاتب) لیو یوون (مالیە ناظر) واڭ زنڭەن

(اچكى ناظر) گوجەن جى (معاون تعميرات ناظر)چوى او (شهر حكومت باشلقى) گوەن زىلەڭ جمعى 7 آدم؛ يرلك خلق طرفيدن بورهان افندى (معاون رئيس) سالس (معاون باش كاتيب) محمد امين (تعميرات ناظرى) سەى زواڭ شەن (معاون معارف ناظري) ماتك راڭ (مالية ناظر) جاو جاڭ فون جمعيت ناظرى) عيسى بەگ (اعضا) عبدالكرم خان مخدوم (والى) جوڭدى خوا اعضا) جمعى ٥ نفرآدم؛ ايلى طرفدن احمد جان (معاون رئيس) عبدالكرم عباسوف (معاون باش كاتيب) رحيم جان (معاون اچكى ناظر) دليل قان (صحيه ناظري) على خان توره (والى) عثمانبا



اولكوده تنچلق اورناتقان جاڭ جى جوڭ (جورين) افندى.

تور (والى) اسحاق (بتون اولكولوك تنچلق ساقلاغوچى عسكرى اشتاب نڭ معاون قوماندانى) جمعى 8 آدم حكومت تركيبيگه كرگوزولوب 7نچى آينڭ برنچى كونى اوروه چيلە زور خلق يغينى آلدندا يكى حكومت ايش تاپشوروب آلودو؛ بو يڭى حكومت مراسمغا مركزدن كەلگەن تفتش پالاتا باشليقى يويـو رين نظارەت قليدو. اعضا ايتيلگەن تنچلق بتمنڭ مهم نقطەسى شوندان عبارت - «حكومتنڭ جاڭ خلقى نڭ اوزى اشەنگەن آدملرينى مەئمور قلب سايلاب اليشغا روخصت قليدو. ملكى و عدليه ادارەلرينڭ يازوسى ايكى تيلدا (خەنسوچە، اتوركچە) بولودو. باشلانغوچ مكتب درسلرى اوز آناتلندا بولودو. خلق مطبوعات، سوز، يغين آچيشدا اركين بولودو. ملى عسكرى قوشون تو زوشگه يول قويولودو. ايكى طرفدن قامالغان سياسى خلقلەر آزاد قليندو»

# اوچ افندى

تنچلىق صحبت داوامندا وبىمدن صوڭ ايلى ى طرف
3 افندى و 3 افندىچىلەر» دیگەن یگى براسمنى اورتاغا چقاریب
آشكاره وياشىرين سورەتدە بو 3 افندیگە قارشى برحركت الیب
باریدو. بتون اولكه خلقى بولوبمو، آشكلى زيياليلار بو3افنديىنى
كورمیگەن كوزلریندا يازغان - چزغان نرسەلریندن دولايى او
ەرنى غايبانه سويوب كەلگەن بولسام، كىين بو 3افندى يورت
قا آياق باسىب كەلگەندن صوڭ، بوآدملەرنى تيخىمو تولوق آشك
لاپ ايچى - تاشيندن حمايه قلىب اولەرنڭ اطرافيغا مركزلەش
كەن ايدى. امما احوال شونداغ داوام قلىب كەتسە، ايلى طرف
اوزى استەگەن يولدا خلقنى اليب بارماقدا قيینچىلق چيكە چە
گينى، مسلەك اعتبارى ايله برنقطەگە كيلالماسليقينى، اگر بو
3 افندى نفوز يايىب كەتسە، كەلگوسى اوچون يولیغا توسقون
بولاچاغینى بلىب، بتون دققتینى بومسئلەگە قاراتدى. بو 3افندي
گە تورلى بوك كيگوزوب ياشلەرنى، خلقنى اولەردن يراقلاش
توروب اولەرنى يالغوز قالدورماقغا كرشدى. بتون دققيتى ايله
بومسئلەگە بريلدى. هيچ اشنى كورمەى توروب، عيسى بەگ
افندى، امين حضرەتگە تعين قلنغان اوروندا قارشى چقدى. بو
3 افنديىنى حكومت تركیبگە كرگوزمەسلككەاورونىدى.

بتم دن صوڭ، آشكارا وياشىرىن توردە حكومتكە بولەرپالان
دولت طرفدار آدملەر دیب چاقیشتوروب، ضياليلەر آراسندا «خطاي
چى، خطايغا ساتيلغان» دیگەن نام آستندا تشويق يورگوزدى. او
لەر بواشدا خيلى موفق بولاآلدى. حكومتچىلك اعتبارى ايله اص
لى تعين قلنغان اوروندن بوكشيلەرنى قالديردى. خلق اعتبارى
ايله كوپچولوكنى بولەردن يراقلاشتورالمدى. ايلى طرف نڭ
آرقا كورونيشينى تولوق آشكلاپ يتالمیغان بربولوم خلق «بولەر
يامان دیگەن آدم، البته ياخشى آدم بولماسقا كيرەك. سبب اگر
بو 3افندى حقيقى ملت پروەر، حقيقى وطن پروەر آدملەربولغان
بولسا ايدى، يورتنى آزاد قليمز دەب قورال كوتوروب چققان
ايلى طرف بولارغا قارشى چقماغان بولور ايدى. بولەر حقيقتدە
خلقنى قوتقازغوچيلەر بولسا، يورون بزلى ايزيشكە يول بەر

ەنداخلغا باريب ياتورمىدى» دىگەن توشەنچەگە كىلىپ، بــو
ئەفەندى ايلە بوروُن اوقوشەاى علاقە قىلغانىغا پوشايمان يەپ با
يش - كىلش اشلرىنى بتوُنلەى اوزدى يانا بربولوم كشلەر
يلى طرف نڭ موئىداغ قارشى چىقىشى مسلەك اعتبارىدىن بول
ى. ايلى طرف نڭ الىپ بارىيىتقان يولى ايلە بو3 افندىنڭ يولى
بربىگە اوخشامايدو. اولەرنڭ قارشى چقماقىغا حقى بار» دەپ
يمەنگەن بولسىمو، اما زامانى شولەر سايان بولغانلىقدىن، اگر
لەرنڭ گروهىغا قوشولماي قالغانلاردا حقارت، برەرجازاغا اوچ
اينى بلگەنلكدىن دەسلەپكى اولەرنڭ شوكونلەردەكى داوا راشى
قاراپ موندىن صونگقى زامان شولەرنڭ بولغوسى دەپ گمان
قانلقدىن چارناچار بو3 كشى ايلە علاقەسىنى اوزدى. يانا بر بو
م ضيالىلەر بو 3 افندىنى اوزيورەگىدىن حمايە قلغان بولسىمو، توُززامانە
ندە حمايە قلغانلىقىنى اظهار ايتەلمىگان سوز حركتىدىن قالدى. قىلشقا
رعتقلالەلى شوناغ قلب بو3 افندىگە بيولكبر روحى عذاب بەردى
براق ايلى طرف بوجر كتنىدە موفق بولغان بولسىمو، يانا بر
رقىن زوربر زيانغا اوچرادى. ايلى انقلابىنى بى واسطە باش
لغان حقيقى برانقلاپ دەپ توشونگەن بعضى برخلق ويا كى
قا كورونمشىنى دخــى آپريالمــاى ژــورغــان ضيــاليــلەر
لى طرفنڭ بواوروُنسز حركتىدىن اولارغا شبهە كوزى ايلەقارا
ن حالغا كەلدى.

امدى بو 3 افندى ايلى طرف كورسەتكەندەك يامان آدملر
ىمو؟ بولەردن قايداغ ضرەر كوردى؟

بو 3افندى مسعود صبرى، محمد امين حضرت، عيسى بەگ افند
لەر دور، 3 افندىچىلەر بولسا، شولارغا طرفدارلق بلدورگوچىلەردور
برآدمنڭ يورتقا فايدالق ياكى ضرەرلك آدم ايكەنينى، شو
ىدەك اونڭ مسلەكى نڭ ياخشى يامانلقىنى بلمەك اوچون اونڭ
توشدەكى اجتماعى حياتىنى بلمەك ضرور. مسعود صبرى بولسا،
رنيمزنڭ ايلى توپراغندا توغولوب شوندا اوسوب يتشكــەن
آدم. توركيەگە باريب استامبولدا 16 يلغا قدر توروب اوقوغان
مانلرىندا دونياغا قارشى كوزى اچلىب، يورتنى، اطراف محطنى
كلايدو. وتوركلك حسياتى اويغونودو. ملتچىلك، وطن پروەرلك

تویغوسی بتون قانیغا سیگیلیق. بوزامانلاردا غربی تورکستانلا
تاتارستانلا، قرم، کافکازدا تورکله‌رده اویغونوش ده‌وری باش

ن دولسه‌ی امما بوزده‌مزدا یاشیلقن
یغونو شلن قلچه اثریوق ایلدی.
ت مونلش 1000 یلله‌ر بورون دونیا
کوتورولوب که‌تکه‌ن فاراکغو لو
چریکلیك نادانلق، افلاسلق، خرافاتلا
ه‌نجیریندن دخی چقالمای وغولغان حال
قالغان ایدی.

مسعود افندم که‌لدی، کورده
یورتدا دونیادن آشکلغان آدم یوق. م
فدن هیچ نرسه یوق، اونلك اوستی
آزتولا یاشیلقن سوزآچقان، یاشیلق
فاران مکغان آدمله‌رگه که‌ن یوق کر
له‌رایدی. یورتنی، خلقنی بوچریکلیك


مسعود صبری افندی

قوتقازماق اوچون، برنچی دفعه‌ده م
رفچیلق یولی ایله آز تولا آدم یتش
روب آلماقا قایم باسندی تورلی چاره ایله مکتب آچتی، خلق آ
سیغا یاشیلق کرگوزوشکه باشلادی. امما زامانی تار، خلق
هیل بولغانلقدن پوت قولیغا کشه‌ن سالینب تورمه‌گه تاشلاند
شوندداغ بولسیمو یولندن، روحندن هیچ بر قایتمد
یورتقا الك دستله‌پ یاشیلق که‌لتورگه‌ن کشیله‌ردن بولوب حساب
لاندی.

قه‌ولدا قوزغولاك کوتورولگه‌ندن صوك ایلیدا معلوم کشی
له‌رپه‌یدابولوب قالغاندا آلتی شهرگه اوتوب آلدی. آلتی شهر
آزمدت انقلابچیله‌ر آراسندا تورغان کونلرینده اولارغا بعضی بر
لیحت بول — یوروق کورسه‌تکه‌ن بولو. بو تاریخی بر تورلی آ
په‌یدا بولوب ملتچیله‌رنك استقبالی قاراکغولاشقاندا مندستانغا او تو
اوندا 3 — 4 آی توروب شاکخه‌یگه بار یدو. داخلیغا باریشده‌ک
مقصد یورتدا یامانلقغا کتب بارغان وضعیتگه قارشی چاره آ
لاش، داخلیه‌کی تورکستانلق یورتدا شلار ایله برگه ت

روب، يورت احتياجغالازم مسئله لر ايله مشغول بولماق يورتدا باشلان
غان قوزغولاڭنىڭ مركزگه قارشى بولماي، يرلك ظلومغا قارشى ايكه نىڭ
نى مركز كاتتالريغا آڭلاتماق و شونڭده ك اوزينڭ داخلدا بو
غان بعضى بر خصوسى اشلرى نىڭ حالندن خبر آلماق ايدى. بو
كشى داخلغا بارغان همان، داخلغا برنچى نوبت يورت دعواسى
اوچون بارغان و شو دعوا ايله مشغول بولغان عيسى بگ افن
دى ايله اوچروشودو. عيسى بگ افندى بوكشىنڭ پيشيغا محكم آسيلب، برلكده توروب چاليشماققا دعوت قليدو. مسعود افن
دى مسله ك، چاره اعتبارى ايله برنوقطه دن چققان عيسى بگ
افندى نىڭ واسطه سى ايله مركز و مركز كاتتالرى ايله آڭلاشي
لدو. مسعود افندم علملق، اخلاقلق، يراقنى كوروچى برمسله ك
ايگه سى بولغانلقدن مركز و مركز كاتتالرى بوكشيگه حرمت
قليدو. مركزدن بيوك اورونلار تعين قليدو.
1941 نچى يلى بتون دولت بويىنچه آچلغان خلق قورولتايندا،
عضوى وكيللر آلديندا بيوك برنطق سوزله يدو. بتون چينى
بيوك بر تأثيرات اچنده قالدوردو. نطقيدا شونداق طلبنى اورتا غا
قويدو دور انچى بز توركستانلقنىڭ يورتى توركستاندور.
يورتيمز توركستان ديلسون. ايكنچى اوششاق آلوان ياساغ اليب تاش
لانسون. اوچونچى آشلق چقيديغان جاى آز، كوچمه ن چقارميسون،
تورتنچى اوى عمارت يوق عسكر آزچقسون، بشنچى يورتدا معدن خام
مال كوب، زاوودفابريكا و اشله پ چقاريش اورونلرى قورولسون.
مناشونڭغا اوخشاش هر برسوز سوزله ش فرصتى كلگه نده هيچ نر
سه دن تارتنماى توركستانلقنىڭ يوره گنده كى آرضو تيله كلرينى ميدان
غا آتيب داخلده كى لرنى توركستان مسئله سى حقنده حقيقى برتوشه نچه
گه كلتوروشكه تريشيدو.

بونوڭ سرتندا يوقسيزلق، مسافرچيلق اچنده توروب اوزى
يازيب، اوزى كوچوروب، اوزى باسيب اوزى تارقاتيب ديگه نده ك بر
مونچه اثرله ر يارتيدو. اوز عمرينى راحت ايله اوتكوزوشنى استه
مه يدو. يورتنى قوتقازو اوچون اوستنده بركشيلك مسئو ليه ت
باوليغينى چوشقور تانيب تاپقان پوليغا ياخشى يمه ى ياخشى كيمه ى
قه غز سيا الب پولتوله پ يورتقا فايدالق كوب اثرله ر تارا قيدو.

داخلدا تورکچه اوقویلدیغان آدملر یوق دیه‌رلك بولسیمو، اما مسعود افندم مه‌ن یازسام، نشر اتسه‌م کیم اوقور، اوقو یلدیغان آدم بارجایغا بارغاندا، یازسامو ییته‌ر ده‌پ قاراپ اولتورمه‌ـــای، برمینوت وقتینی هم بوشقا اوتکوزمه‌یدو. مسله‌ك، تیل، ملتچیلك اع تیباری ایله ته‌کدیشی یوق برمونچه اثر یاراتیدو. یورت ییغیه‌ی، تورکلك اورانی، اوران غزیته‌سی، ناز قز، اولوغ آنا، تورکچه صرف نحوی، ایلك اوگره‌تمه‌ن، برنچی پوتوك، 2نچی پوتوك قازاقلر، تونگانلار، یاشلریمز، ایمان نگیز، 3نچی پوتوك، 4نچی پوتوك، 5نچی پوتوك قتارلی 10 نچه اثر مسعود افندمنك داخلدا تورغان زمانلرندا یازغان اثرلریدور. مسعود افندمنك بو اثرلری مسله‌ك یاغندن ملی مسلکگی اولگه‌ن خلقیمزغه برتوغری ملتچیلك مسلیگی کورسه‌تسه، تیل یاغندن عربچه، پارسچه وباشقا یات تللارغا بیریلیب تیلی انقراض‌غا قاراپ ماکغان خلقیمزغا صاف تورك تیلی ایله تورك تیلی‌نك نه‌قه‌ده‌ر بای مکمل تل ایکه‌نینی، ملتینی ساقلاش‌نك، دنیادا ملت بولوپ یاشاش‌نك شرطی تل سالاماق ایکه‌نینی، تل‌غا اهمیت بیریشنك نه‌قه‌ده‌ر موهیم‌لیکینی کورسوته‌دو. ادبی یاغندن بوزولغان، چیغردن چققان ادبیاتیمزغا بر توغری ادبی قاعیده، برتوغری ادبی چیغر کورسوته‌دو. دیمه‌ك مسعود افندی‌نك اثری ملتیمزنك حیات مماتیغا علاقیدار بولغان مسله‌ك، تل، ادبیات مسئله‌مزنی گه‌وده‌له‌ندوروپ کورسوته‌دو.

بوقورقی 3 افندی‌نك بیری بولغان عیسی به‌گ افندی بولسا، مسعود افندمنك داخلغا کیلیب قالیشندن کوپ خرسند بولودو. برمسله‌کداش تاپقانی اوچون بو کشی ایله اش برلیگی یاسایدو.

آلدنقی بابدا یازیلغانچه بتون حیاتینی یورتنك آزادلیغی اوچون چالشماقتا قیلدا قلغان بو عیسی به‌گ افندی استعفاده قیلشقا تیگشلك هیچ بر فرصتنی قولدن به‌رمه‌ی، تاللاپ آلغان اوصولی، بلکو له‌پ آلغان مسلیگی آرقاسندا یورتقا، ملتکه فایدالق اش ایله‌مشغول بولودو.

عیسی به‌گ افندی، آچوق، جلدی، فعال، اوتکور حالداشقا کریشکه‌نی اوچون یورتده‌کی شلك شی سه‌ی کبی آدملرغزیته‌لرده، خلق نامندن مرکزگه ایبه‌رگه‌ن عرضلرده، «جهانگیرلك

كه قارشى برلك صف» مجموعه‌سنده، «عيسى ياپون جهانگيرنڭ
قويروغى» ده‌ب قارشيلق بلدورگه‌ن بولسا، بعضى دولتلر «عيسى
پالان جهانگيرغه ساتيلغان آدم»ده‌ب مركزگه‌چاققان بولسا، بعضى
عيسى به‌گ افندى‌نڭ مسلكى وتوتقان يولىنى دخى آڭلاب يتال
مغان يورتداشلر خارجدا بولسون، داخلدا بولسون، «يورتوم،
ملتم ديگه‌ن برآدم مركزگه
كيلورمو؟ داخيلنڭ بزنڭ يورت
قا برىناخشيلق تقدىم اتكه‌ن تا
ريخى بارمو؟ يورت دعواسى
قيلب كلگه‌ن برآدم نڭ سوزى
ايله مركز توركستانلق نڭ
استه‌گه‌ن حقوقىنى برورمو؟
يورتوم، ملتم ديگه‌ن آدم اشنى،
كوره شنى يورتدا قيلماى، بر
نفر توركستانلق بولميغان دا
خيلغا كيلب اشله‌مه‌ك عقيلغا
سيغاملو؟ بو خطا ايچيلقدن باشقا
نيمه» ديگه‌ن سوزلر ايله تورلى
مجموعه، تورلى غزيته‌لرده عيسى
به‌گ افنديگه هجوم قيليدو.
آلدنقى گروده كيلر عيسى بگ
نى تورلى يول ايله قارالاب، مر


عيسى بك افندى اوغلى مراد ايله

كز قولى ايله يوكشىنى يوقاتماققا كيريشكه‌ن بولسا، اوزعرقيمز
دن بولغان بعضى يورتداشلر تورلى هجوم تورلى حقارت ايله روحى
ضربه بيريب يوكشينى افكار عامه آلدندا قاراليماقچى بوليدو،
بونداغ هجوم، بونداغ شكايتلار آرقاسندا مركزده‌كى بعضى
كاتتالر هم عيسى بگ افندى گه‌شبهه كوزى ايله قارايدىغان حالغا كيليدو.
براق عيسى به‌گ افندى اوز ايشى ايله مشغول بولدى.
مركزنى ومركز كاتتالرى‌نڭ توركستان مسئله‌سيگه قاراشنى
اوزگرتمه‌ى توروب، اولارغا توركستان مسئله‌سينى توغرى حل قل

یوروش ممکین بولمیغانلیقدن اوزینك نشر اتکەن «چینی تورکستان آوازی»، «اوروش خبری»، «آلتای» کبی مجموعەلرنده تورکستاننك ملیتی، تاریخی، عرف عادیتی، اطراف محیطی، ئیلەلکاستەگی، قورقودیغان، خوش بولمدیغان نقطەسی اگر مسئلەنی تز حل قلمیسا، کەلگوسیدە مرکزگەیورتدا کیلیدیغان خوفلر حقنده چین چەایلەتشویق قیلیب، کوب چین ضابطەلەرینی برتوغری قاراشقا آلیب کەلدی. بو مجموعەلرنك تورکچە قسمیدا، تورکستان انقلابچیلرینی غاتورلی یول، چارە کورسەتدی. ملتچیلك مسلیگینی تاراتدی، خلقنك کوزینی آچیشقا، اویغاتشقا کریشدی. خلققە انقلابنی قایاق — توقماق کوتوروب برکونلوك آزادلق اوچون امس، ابدی دوام قیلارلق دولتکە ضرورسز؛ ملتکە فایدالق یول ایلە آلیب بارماقنی تشویق قلدی.

جونگگو — یاپون سوقوشی زمانندا، دولت فایداسی اوچون اسلام مملکتلریگە بارغان فرصتیدن فایدالینیب، کوب عالم، کوب سیاستچی، کوب انقلابچیلر ایلە صحبتلاشدی. اوزی تاللاب آلغان مسلەك، چارەسی حقنده فکر سوردی، بزنك یورتنی، ملتیمزنی سویگەن کوب کشیلر عیسی بەگنك یولینی توغری تاپیب، شو یولدا ماگماقینی، بوگون چین دولتیدن آیریلمای، مرکز ایلە برگە بولماقینی، قورالق انقلابدن بوگون فایدا چقمایدیغانلیقینی توصیە قلدی. عیسی بەگ افندی اوزی بلەر بلمەس برخطا یولغا کریب قالیب، یورت اوچون بردر ضرەر کەلتوروب قویوشدن احتیاط قیلیب، بو مسئلە اوستندە کوب اویلاندی. ملتیمزگە صادق آدملردن سوردی. غربی تورکستاندن چقیب کەتکەن کوب عالملار ایلە موناظیرە قیلشدی. کوپچولیگی عیسی بەگ نینك توتقان یولی توغری ایکەن دیگەن خلاصەنی چقاریدو. شو قتاردا آفغانستاندا 7 — 8 یل یاتیب قالغان خوتەن انقلابینك یتەکچیسی محمد امین حضرت ایلە کوروشودی. بو امیر حضرت هم اوزینك آفغانستاندا توروب 7 — 8 یل مشغول بولغان سیاسی مذاکیرەسی، علم تکشوروشلری، تاریخی تجریبەلریگە قاراب بوگون مرکز ایلە برگە بولماق لازملقینی و بونك اوچون یورتقا قایتیش امکانی بولغانغا قدر مرکزگە باریب تورماقنك ضرورلیکینی بیان

و. دیمك امیر حضرتنِنك كلگەن نوقطەسی، مسلەكی بر جایــ
چقیلدو: نتیجەدە عیسی‌بەگ افندینك واسطەسی ایلە امر حضر
(محمد امین افندی) مرکزگە باریدو. دیمك بو مصاف‌یرەتدە
گەن انقلابچیلار برحن ایکی، ایکیدن 3 بولودو.
دونیادا انقلاب، قوزغولوش ایکی تورلی اصول ایلە بولو
هەمدن موهیم نرسە اصول. یالغوز مسلەك نلك، نیت‌نلك یاخشی
غانی یەتمەیدو. بواصول اچکی تاشقی شرطگە قاراب آیریلی
. بعضی انقلاب اچکی، تاشقی شرطیگە قاراب قان توکــوش
ولینی قبول قلسا، بعضی بر انقلاب تداوی (قان توکمەس)
ولینی قوللانیدو. قان‌توکوش‌اصولی‌قبول‌قلنغان‌انقلابقاتداوی‌اصو
قبول‌قیلنسا نتیجە چقمایدو، فایداسی بولمایدو. شونکەدەك‌تدا
اصولی قبول قیلنغان انقلابقا قان توکوش اصولی قوللــو
لسا، بیوك بر ضرەرنلك کیلیب چقیشیغا سبب بولودو. شونلك او
ن مسلیکم توغری، نیەتم یاخشی دیب اچکی تاشقی شرطایلە
ابلاشمای قان توکوش اصولینی قوللانیش توغری‌کەلمەیدو.
ا بو ایکی اصول اگر اوز جایندا قوللونولسا، قان توکوش
ولی نلك بیریدیغان نتیجەسی تیز و کوچلوك بولودو. تداوی
ولی‌نلك بیریدیغان نتیجەسی آستا، کوچسز حالدا بولودو. ام
نتیجە احتمال منگو داوام قلار. بوتداوی اصولی نلك نتیجە
3 تورلی شرط آستندا قولغا کیلیدو. بری اچکی طرفنلك بار
کور سو تالیشی، بری سەلبی طرف‌نلك انسافقا کیلالیشــی،
ی تاشقی محیط نلك مجبور ایتالیشی آرقاسندا ووجود قاچقی
. اگر بو 3شرط نلك بری تولوق بولالمیسا، بواصولنلك بیری
ان نتیجەسی هم تولوق بولالمایدو.

دیمك بو 3افندی بولسا، یورتیمز نلك اچکی تاشقی شرطلرینی
ـنبــارغا آلب تداوی اصولینی قبول قاغوچیلار در.

## 3 افندینك مرکزگە بەرگەن تیلەکلری

بو 3 افندی باشلق داخلدا بولغان یورتداشلار تورکستان مسـ
سینی حل قلماق اوچون هربر فرصتی کلگەندە مرکزگەتیــ
. تقدیم قیلب توردی.

دولت‌نڭ آساسی قانون لایهه‌سی اعلان قلینب بوحقده هربر
طرف‌دن فکر سورالیشقاباشلانغاندا، قانون آساسی اوچون تو
رکستان حقنده، بر تیلده‌ك تقلیم قلدی، شلڭشی‌سه‌ی مرکزگه یا
للاب، نهایت اوجولڭشین رئیس بولوب چقماق بولغانده‌مرکز حاض
لقسز چیقب برفلاکتکه سببچی بولوب قالماسون دەب جـالڭویه
جالڭ باشلق کاتتالارغا برفکر تقلیم قلدی. جالڭبوجالڭ صحبت
چون اوروم‌چیگه، ماشێش آلدیندا بوکشیگه برفکریازیب بەردی
قانون‌آساسغابه‌رگەن فکرینڭه‌یم نوقطه‌سی‌توبنده‌یکیچه:
1) شنکجاڭدا یاشغوچی برلك ملت‌نڭ نامی اوز اسمی بول-
غان تورك دیگەن نامدا یورگوزولسون.
2) آساسی قانون اچیگه «تورك ملتی‌گه مختاریت بیریلیم
دیگەن ماددا کرگوزولسون.
3) آساسی قانوننڭ 4نچی ماداسیدا «شنکجاڭ» دەب ایتلغا
اولکه اسمی «تورکستان»دەب توزوتولسون.
4) آساسی قانون‌نڭ 5نچی ماداسی «جوڭخوا جمهوریت-
چیندە بولغان ملتلر؛ شوجمهوریتنی تشکیل قلغان اعضالاردر» ده
توزوتولسون.
5) آساسی قانون‌نڭ 5نچی ماداسی آخریغا «جوڭخوا جم
ریتی اچیندە بولغان هربر ملت سیاستده، اقتصاددا، معارفدا، م
نیتده، دینده، اجتماعی اشلرده، تیلدا، خطده برابر حقوق آلیش
حقی بار» دیگەن جمله قوشولسون.
6) آساسی قانون‌نڭ 7نچی بابی اچیگه: «جوڭخوا جمه-
ریتی اچیندا خرجلینیدیغان قانونی آقچانی، حکومت، دولت‌اچینده
یاشاغوچی ملتلرنڭ یازوسیندا باسیب چقاریب تارقاتیلدو. شونڭده
دولت اچیندە ایشلەتیلیدیغان پوچتا مارقاسی، تورلی باج خطلرینی
حکومت، دولت اچیندە یاشاغوچی هربر ملت‌نڭ یازوسیندا باسیب چ
ریلدو» دیگەن ماددا کرگوزولسون؛
7) آساسی قانون‌نڭ 27نچی ماداسیدا یازیلغان «ماڭغول»
گەن اسیم آخریغا «تورك» دیگەن اسم قوشوب قویولسون.
8) 27نچی ماددا اچیگه «خلق وکیلی بولوب سایلانیدیغا
آدم یرلك خلقدن بولماقی شرط» دیگەن جمله کرگوزولسو
9) آساسی قانون‌نڭ 67نچی ماداسیغا «توركدن 10 نفرآ
دیگەن سوز قوشوب قویولسون.

10) آساسی قانوننڭ 81نچی ماداسی آخریغا: «چیگرالقلر نڭ یرلك عرض خطلری شویەردەکی ملتنڭ اوزتلندا بولودو» دیگەن بر مادا کرگوزولسون.

11) آساسی قانوننڭ 85نچی ماداسی آخریغا «تورلی امتحان هربر ملتنڭ اوزتیلی، اوزبازوسندا الینیدو» دیگەن برمادا کرگوزولسون.

12) آساسی قانوننڭ 99نچی ماداسی آخریغا «اولکولرگە رەئیس بولغوچی آدم، شول اولکەنڭ یرلك خلقیدن بولماقسی شرط» دیگەن برمادا کرگوزولسون.

13) آساسی قانوننڭ 132نچی ماداسی آخریغا «دولت اچندە بولغان هربر دەرجەلی مکتبلەر هربر یرنڭ اوز تیلندا اوقوتولودو. خەنسوچە ایلە اوقوتولمایدیغان مکتبلەردە اورتا مکتبدن باشلاب خەنسوچە خط مهم درسلەر قتاریندا اوقوتولودو» دیگەن برمادا کرگوزولسون.

14) آساسی قانوننڭ 136نچی ماداسی آخریغا «تورکستاننڭ یرلی مکتبلر یلە دین درسی اوقوتولودو» دیگەن بر مادا کرگوزولسون.

15) آساسی قانوننڭ 139 نچی ماداسیغا «قانون، بویروق هربر ملتنڭ اوز تیلندا اعلان قلینیدو» دیگەن جملە قوشوب قویولسون.

30نچی یلی 2نچی آینڭ 25نچی کونی جاڭ ویپوەن جاڭغا بەرگەن تکلیفینڭ مهم نوقطەلری شونلەر در:

1) چیگارا ملتلریگە مرکزنڭ سیاسی تشکیلاتلریغا عموی سورەتدە قاتناشیشیغا امکان بیریلسون.

2) چیگارا ملتلریگە مرکزنڭ چیگارا اشلرینی ادارە قلیدورغان ادارەلرنی ادارە قیلش امکانی بیریلسون.

3) هربر تیبت، موڭغول، تورکلەرگە مناسبتلك اولکولوك حکومتکە هربر ملتنڭ ضیالی کشیلری کوب مقداردا قاتناشتورولسون.

4) موڭغول - تیبت هیئتی اسکیچە شکجاڭنی هم اوزینڭ ایش دائیرەسیگە کرگوزسون، یاکی او هیئتنڭ آدی موڭغول - تیبت - تورك هیئتی دیگەن اسمگە اوزگرتیلسون.

5) عسكرى اشلەر، تاشقى سياست، دولت مدافعەسندن باش
قا اشلەرگە تولوق مختاريەت امكانى بېريلسون.
6) مركز حكومت، زونگای‌نڭ وصيتى‌گە بناءً برآچق چېگا
را سياستى بلگولەب چقسون.
7) چېگارا معارفى اوچون خراجت آرتدوروٓلسون، بونى حقى
قتا موڭغول، تېبت، تورك خلقى اوچون اشلەتيشكە كفالت ايتيل
سون.
8) موڭغول، تېبت، تورك خلقى اوچون شولارنڭ تيلندا تور
لى درسلك كتاب تيارلاب چيقيلسون.
9) دهقان—چاروا چيلق اشلرى اوبدان ترقّى قيلدوروٓلسون
و باشقالار.
اولكومزنى برنچە پارچيغا پارچيلاب برنچە اولكوگە آيريي—
ميش ديگەن پارلق اورتاغا چيقب قالغاندا، اگر شوندااق بـو
لوب قالسا، ملتكە، يورتقا بيوك برزەرەر كيلەچەگىنى كوزدە تو
توب 34نچى يلى 8نچى آيدا شونداق فكرلەر تاشلانسا، قـبول
قلماسلقينى، اگر قبول قيلنغاندا اونڭدن كيلديغان زەرەرنــى
بيان قيلب مركزگە بەرگەن تكليفى‌نڭ مهم نقطەلرى:
«توركستان‌نڭ ابدى تنچلقينى ساقلاب، اونى دولتدن آجرا
ماسلقنڭ بردن برچارەسى توركستان‌نڭ ملى مسئلەسينى تولوق
حل قيلب اونڭغا عالى مختاريت بيريشدر. ياقندن بېرى تورکس
تاننى برنچە اولكەگە آيريميش ديگەن پاراڭنى آڭلاب نهايتى
چوچوب كەتدوق. اگر توركستان برنچە اولكوگە آيريلسا،
توركستان‌نڭ ملى مسئلەسينى و دولت‌نڭ تنچلقينى اورنــوتوشقا
كوب زەرەر يەتكوزودو. اگر توركستان برنچە اولكوگە آيريل
سا، خلق آراسندا «مركز، سن‌مەن جودى‌و برنچى نوبتلك‌خلق
قوروولتايى‌دا ملتلرگە مختاريت بېريش» دەپ بلگولەنگەن وعــ
دەنى عملگە آشورمايديغان اوخشايدو ديگەن بر آڭلاشيلماو چ
لق پەيدا بولودو.شونڭدەك بو بولسا، توركستان خلقينى، تورك
ملتينى پارچيلاشقا، اتتفاقينى بوزوشقا قيلنغان برحركت ديگەن
بر فكر توغولوب قاليدو. برنچە اولكوگە پارچيلانغاندا، عمل
دارلار آرتيدو، خراجت كوپويودو. بوكدبغل خلق هيچ‌قاچان مون

ماق آغىر يوكنى كوتورالمايدو. برنچه اولكوگه آيريلسا، اوز
كو نلڭ رئيسلرينىڭ، عمللر لرينىڭ فكرى برجايدىن چقماى يانااول
وردا توقونوش پەيدا بولوب قالىدو. برنچه اولكوگە آيريلا —
سا، فايدا آيريماسى، يەر آيريماسى بولوب، باريب كيلىش سو
دا اشلرى آسانلاشمايدو. ضيالىلار بونى پارچىلاش سياستى،ەملى
هياتقا زەرەرلىك دەب توشونوب مركزگه بولغان ايشەنچسىنى بوزو
دو.
شىڭشى، سەى مركزگه ياقىنلاشىپ، مركز تورگستاننى اوز
ادارەسى آستيغا آلماق بولوب تورغان كونلەردە، مركز توركس
تاننىڭ اچكى احوالىنى تولوق بلمەى حاضرلقسز باريب، برەر
كوڭلسزلكنىڭ توغولوشىغا سبب بولوب قويماسون دەب مركزگه
نهايتى تولوق و مفصل بر تكليف بيريدو. بوتيلەگكه يوقورقى
ىهم تيلەكار كرگوزولگەننىڭ سرتىندا، مصادرە قيلنغان ملكلر
قايتاريلسون، شڭ طرفيدىن سولانغان آداملار بتونلەى آزادقيلنـ
سون ديگەنلەك ماددالار قوشولودو.
خلاصە قلغاندا، يوقورقيدەك هربر تيلەك بيريگەنلەر، بە —
نى مركز كاتتالرى خير — خواهلق بىلدورگەن بولسامو، بعـ
نى كاتتالار بوتيلەكلردن چوچوشوب، بو آداملاردن شبهه قيلىب
وقوشماى علاقە قيلب قويغانيغا پوشايمان يەب، همەدن يامانى،ەو
ئو بوزوق، تار ملتچى ايكەن دەب عيسى بەگ افنديدن فوق‌ال
ماده خاپا بولوب بولارغا يامان كوزدە قارايدو. موندااق بـــر
مال بو افنديلەرنى در آز اميدسزلككه توشورسيمو، سونياتسين
فنديىنڭ اوغلى سوڭكو كبى كاتتالارنڭ —
— «محترم مسعود، محمد امين، عيسى بگ، قادر، اسماعيل
فنديلرگه، 31نچى مارتدا كونلەرميش تكليفڭزدن خبر تاپدم
تكجاڭغا عالى مختاريت بيريلسون ديگەن طلبڭز لرگه تمام قو
شولومەن. بوطلبڭز لرنى تزرەك ۋوجودقا چقارماق اوچـون
سزلەر ايله برگه توروب چاليشمەن.
احترام ايله: سوڭكو»
دەب قايتورغان جوابى بر طرفدن تسلى بەرسه ينه بر طرف
ن اميد پەيدا قيليدو.

شنگ‌شی‌سه‌ی اورنیغا اوجوك شین رئیس بولوب اوروه‌چیگه بارغاندا، بو افندیله‌ر هم یورتقا قایتماقنی استه‌گه‌ن بولسیه‌و، مرکز ده‌کی بعضیله‌ر دخی تولوق ایشه‌نچ قیلب کیتالمه‌غا الملقدن واقتنچه یورتقا چقاریشدن توسایدو.

ایلی‌دا قوزغولاڭ کوتورولوب، تنچلق صحبت باشلانماق بولغاندا، مرکزدن وکیل بولوب جاڭ بو جاڭ چقماق بولودی. بو آدام مسئله‌نی حل قلماق اوچون تورکستانغا چقیشدن بوروں مرکزنڭ فکرینی بلیمه‌وباکی برنرسه بیلمیغان آدام اوخشایدوده‌ب بو نرسه‌نی اوله‌رنڭ یازغان، چزغان سوزلریندن بلگه‌نمو، اوروه‌چیگه چقار بولوب لانجوغا کلگه‌نده تورکستان مسئله‌سی اوستنده نیمه فکر کورسه‌تا آلور ده‌ب بو3 افندی ایله کوروشودو. و بو مسئله اوستنده فکر سورایدو.

بو قاتم بو افندیلر جاڭ بو جاڭغا توبنده‌کی برنچه تورلی فکرنی تقدیم قیلیدو. (34نچی یلی 9نچی آی)

1) مرکز ملی مسئله‌نی حل قیلالارلق بر پرینسیپ‌گه آساسلینب بر منگولوك سیاست بلگوله‌ب، تورکستان مسئله‌سنی حل قیلب به‌رسون.

2) مرکز تورکستان خلقینی برملت ده‌ب تانیسون.

3) مرکز، دولت اچنده‌کی هربر ملت‌نڭ سیاستده، اقتصاددا سوزده، دینده، و باشقا اجتماعی اشله‌رده تەڭ حقوقلوق ایکه‌نینی اعلان اتسون.

4) مرکز، تورکستانغا آشکارا، صمیمی سیاست قوللانسون، بارلق سیاسی چاره‌لر، تورکستان خلقی‌نڭ فکریگه اویغون بولسون، تورکستانغا عائید مسئله‌گه تورکستانلق قاتناشتورولسون.

5) زوڭلی تعلیماتیغا آساسا تورکستانغا بر عالی مختاریت بیریلسون.

6) تورکستانغا بیریله‌چك مختاریت عملگه قویولوش آلدینده، هربر اداره‌لرگه، خلق سانیغا قاراب تورکستان خلقی قاتناشتورولسون.

7) تورکستان خلقیدن مأمور اشلەتکەندە، اولارنڭ آلدیغا خەنسوچە بلمیکنی شرط دیگەن بر شرط قویولمیسون، تورکستان خلقینڭ منفعتیگە وکیل بولا آلادیغان، و شولەر طرفیدن حمایە قلنغان بولماقی کوزدە توتولسون.

8) تورکستان خلقیغە اوز تیلەکلرینی ارکین سوزلەش امکانی بیریلسون.

9) تورکستان خلقینڭ سوز، مطبوعات، ییغین، جمعیت قوروش ارکینلیکی تولوق محافظت قیلنسون.

10) مرکز تورکستاندا یورگوزودیغان اشلرینده، اقتصادی، اجتماعی اشلرده تورکستان خلقینڭ منفعتینی آلدنقی شرط قیلسون.

11) تورکستان خلقینڭ هر بر درجەلی معارفی اوز تیلی، اوز یازوسندا الب باریلسون، اورتا مکتبلدن باشلاب خەنسوچە اوگونوش درس قتارندا کرگوزولسون.

12) تورکستاندا بولودیغان هر بر درجەلی امتحانلار یرلی تیل یرلی یازودا ایلنسون.

13) مرکز، تورکستاندەکی بارلق آلوان-یاساق باجنی الب تاشلاسون، غلە و دولت باجی خلقنڭ تفاوتیغا قاراب النسون.

14) تورکستانغا چققان عملدارلارنڭ خەنسولاشتوروش، تورکستان خلقینی یوق قیلش دیگەندەك خیاللری بار بولسا اونداق نیتنی الب تاشلاشقا، تورکستانلقنڭ مدنیتی، تاریخی، تیلی، یازوسی و عرف عادتی، تیلەك آرضولریغا رعایە قلماقا مرکز مأمورلارغا قاراتب بویروق توشورسون. خلافلق قلغانلارغا قاتتق جزا بەرسون.

15) اچکردن چققان خەنسولارنڭ اوستونلوك اورنی الب تاشلانب، اولارنڭ اورنی تورکستاندەکی باشقا ملتلر ایلە برابر قیلنسون.

16) مرکز، تنچلقنی قبول قلغان هر قانداق بر انقلابچینڭ ارکینلیکینی ساقلایدیغانلقینی، جزاغا تارتمایدیغانلقینی و اوروەچی قتارلی جایلاردا قامالغانلارنی آزاد قلیدیغانلقینی اعلان السون.

جانڭ بو جانڭ اوزی الغار خلقچی برآدم بولغانلقدن بو بیریلگەن تیلەکنی کوروب برنچی دفعەدە بیریشکە آغیر کیلیدودەپ بلگەن برنچە نوقطەسینی الب تاشلاپ اونگغا مرکزنڭ فکرینی

قوشوب، تنچلق بتم نلڭ لايهەسينى توزوب چقيلدى و اوزى اوروا
چيگە چققاندىن صوڭ مركزنلڭ مشجاڭ خلقىغا برالايديغان نر
سەسى شول دەب بولايهەنى ايلى وكيللريگە تقديم قيليدو.

## 3افنديڭ اوروەچيدە بولغان كونلرى

بو 3 افندى جاڭ بوجاڭ ايلە برگە لانجودن اوروەچيگە كەل
گەندىن صوڭ، يەرلى حكومت بو 3افنديني خلقدىن آيريم براق
توتوب، ياشلارنلڭ باريب — كيلب علاقە قيلشيغا اوشايسز لق
توغدورماق اوچون بولارغا شمالى قاپقا سرتندا كى حربى مكـ
تب اچندىن ياتاق حاضرلايدو. و شو جايغا الب باريب اورونلاش
توردو:

شو كونلەر، اولكولوك حكومت باشندا اوجوڭشين بولغان كون
لەر بولغاندىقدىن اوجوڭ شين و اونڭ طرفدارلرى بو 3 افنديڭ
بوياققا چيقب قالغانيغا باك ناراضى بولودو. بو 3افنديني قاپـ
توروب كەتكوزوش قولدىن كەلميگەنلكدىن تورلى يول ايلە بو
لارنى تفتيش و نظارت آستيغا آلودو. بولار اوستندىن برەر ماترپا
ال تاپماق اوچون آرقاسيغا خفيە ساليب قويودو، بو 3افندى اوي
غور اويوشماسندا برنچە نوبت مجلس آچماق بولغاندا، آچورماسـ
لققا حركت قيليدو. آچورمايدو.

ايش شونداق بولسامو، خلق بولوبمو ضيالى ياشلار، «بو
لار يراقدا ايكەن، حربى مكتب اچيندە ايكەن، حكومـــت اولار
ايلە باريش — كيلش قلغان آدمنى ياخشى كوردەس ايكەن»—
دەب قاراب اولتورماى كيچە — كوندوز ديگەندەك بو 3افنـــدى
ايلە برگە بولودو و اولار ايلە موشداشيب تورودو. بولوبموضيا
لى ياشلار اولار ايلە كوپرەك علاقە قلغانى اوچون آرقاسيـغا
كشى ساليب قويغانيغا قاراماى، چين يورەكدىن 3افندى اطرافيغا
مركزليشيدو.

يورتدا جاڭ بو جاڭ قاراب تورغانلقدىن يرلى حكومت بو
لرغا قارشى برەر قاماش، اولتوروش كبى چارەقوللونالمايدو.
شونداقتيمو بو 3افندى نلڭ حربى مكتب اچندە 2نوبت ياشلارنى
چاقريب مجلس آچقانى و ياشلارغا آز — پاز سوز قلغانى او
چون بك چوچوشوب شو مجلسكە بارغان ياشلارنى استەڭ ـ

سوراق قیلب اولارنی زور تهلیل آستیغا آلودو. حتی باش ساق
چی ادارەسینك باشلیغی خو افندی اوز شاگرد لریدن 3ـــ4 کشی
نك بو 3 افندی قاشیغا بارغانینی و اولارنی کوروب سوزینی آڭ
لاپ یغلاپ تاشلاغانینی آڭلاپ، شاگردلریغا ــ «مینك شاگردلریم
دن کمده کم شول افندیلەر قاشیغا بارار ایکەن، شول شاگرد
نی گەپ سوز سز آتیب تاشلایمەن» دەپ ایتقان.

خلقنی بو 3 افندی ایله علاقه قیلدورمایمەن دەپ بولدورالما
غان، قایتورومەن دەپ قایتورالماغان اوجولك‌شین واونلاطر فلارلری،
اوزخلقیمزدین ۰۰۰ کبی آدملرنی قورقوتوب، آلتی شهردن اوروم چیدن بو
لوب خلق نامندن عرض یازدوروب «بو آدملەر بولسا بوزوق آدم ایکەن؛
یورتقا چیقب یورتنی بوزوشقا باشلادی. دولتکه قارشی اشلەر
گه مشغول بولماقدا. بز موندا غ آدمنی تانیمایمز. بولارنك مون‌ــ
دا توروشیغا راضی ایمەسمز، مرکزگه قایتوروب الیب کەتــ
سون» دەپ مرکزگه چاقیلدو. بو ایشی هم نتیجه بەرمەیلدو.

بر کونی بو 3 افندی ادارەلرنی زیارت قلغان قتاردا شــك
جالڭ غزیته خانەسیگه چیقب قالودو. ایش خانەلرنی کوروب قه
غنه زاوودیغا کریلدو. ساعت 4 یاریم وقت بولوب، قەغنه ایزیلدی
غان توگورمەنگه قوشولغان آت؛ اورتادا ماشینای کیشنەب تــو
روب آلودو. غزیته خانەنك ماموری تەن جڭلی بو آتنك ماشــ
مای کیشنەب توروب آلغانینك سببینی توشەندورەك بولوب «بو
آتلار هر کونی آدملەرگه اوخشاش ساعت 4 دە اشدن بوشارایــ
دی. بوگون اداره اشیمز اشلەنیب تورغاندا سزلرگه کــور
سەتمك اوچون اش وقتینی یارم ساعت آرقاغا سورگەن ایدوق. بو
آت هر کونی ساعت 4 دە اشدن بوشاب اورگونوب قالغانی اوچون
بوگونمو آدملەر ساعت 4 دە اشدن بوشاب کەتسه، مەن نیمەــشقا
ساعت 4 دە اشدن توشمەی اشلەیمەن دەب خاپا بولوب ماشینای تو
روب آلیلدور» دەب سوزینی توگوته توگەنمەس، عیسی بەگ افنه
دی یر کولوب تاشلاپ «وای جڭلی افندی. کوردیڭزمو؟ انسان
تورغای، آت ــ حیوانلارنك انسان ایله برابر حقوقدا بولامەن دیــ
گەنینی» دەپ هەمەنی کولدوروب تاشلادی. لیکن ادارەنك خەنسو
ملیرلری بو سوزدن بك عجبلەنیب، قیزاریشیب کیتیلدو.

مانا شونکغا اوخشاش فرصتی کلگەندە سوزلیگەن سوزلری
برگە بولوب قالغاندا قلىقان، اتكەن ایشلرىی یاشلارغا کوب ال-
هام روح بیریدو. یاشلارمو آز تولا قیمرلاشقا باشلایدو.

جانگ جورن بو یورتقا کلگەندن صونگ مسئلەنی آچقراق ا.نگ
لاشقا باشلایدو. خلقنی خوش قاماق اوچون خلق خوش بولودی
غان اشلارنی تاپیب اشلەمك خیالیغا توشودو. بونگ اوچون ب-و
یورتقا خاص بر سیاسی پروگراما توزوب چقماق بولوب بو
افندیدن بو حقدە فکر سورایدو. بو 3 افندیلرمو خلقدن؛ یاش-
لاردن بولوب فکر توپلاب، اوز فکرینی قوشوب بردانـ-ە اوزون
مفصل فکر تیارلاب جانگ بوجانگغا تقدیم قیلیدو. جانگ جورن بو
نگغا آساسلانب توروب اونگ آلیدیغان جایینی الب، قوشودیغان جا
یىغا قوشوب ترتیکە سالب اولکەلك حکومتنگ سیاسی اشلرنـ-ی
عملگە قویوش پروگراماسینی توزوب چقیدو.

جانگ بو جانگ صحبت داوامیدا بر نوبت اچکرگە بارماق ب-
لوب اوزی ایلە برگە مسعود افندی؛ عیسی بەگ افندینی الب
قایتیدو. امین بەگ افندی اورومچیدە قالودو. بو کونلەردە اورو-
مچیدە تیرەلك بولوب قاراب توروديغان مرکز کانتالری بولماغا-
لقدن یرلی حکومت یاشلارنی تهدید آستیغا آلودو. خلق، یاش
لار بولوب امین حضرتگە باریش ـــ کیلش قیلشدن اوزینی تار
تیدو.

بو قاتم جانگ جورن قایتقاندا مسعود افندی برگە قایتیدو. مر
کزدن مسعود افندیکە بو قاتم مرکزنگ ترکستاندا تورغوچی
تفتیشلك خدمتی تاپشورولغانلقدن خلق بولوبمو تهدید آستیدا
قالغان یاشلار «امدی یاخشی بولدی؛ یورت اوستندە مسعـ-ود
افندی تفتیش بـولوب قاراب توراربولغانلقدن بزنی یرلی حکو
مت اوروب؛ سوقوب، قاماب، اولتوروب قورقوتالماس» دەب یورەک
لك حرکت اشلەشکە باشلایدو.

بو 3 افندی دەسلەپ اوجونگ شین طرفدارلرینگ قاتتق قار
شیلقیغا اوچراغان بولسا، اوجونگ شین کەتکەندن صونگ ایلـ-ی
وکیللرینگ قاتتق قارشیلقیغا اوچرایدو. کوب روحـ-ی عـ-ذاب
چیکیدو. ایلی وکیللری بو 3 افندینی هیچ قایداغ بر ایشقا آرا
لاشتورماسلققا اورونودو. بتم ادضالارغان زمانلاردا؛ حکومت طرف

جنوبدا احوال آغردەپ آلتی شەھرگە بر تفتیش هیئتی ایبەرەرك
بولوپ بو اشقا عیسی بەگ افندینی تعین قلغان بولسەمو، امـــ
ـما ایلی وکیللری، عیسی بەگ افندینی جنوبقا بارسا، نفوذ پیدا
قیلیپ کەتەمیسون دیگەننی قیلیپ، برنچە یاشلارنی قوتورتوپ عیسی
بەگ افندینی آلتی شەھرگە ماڭدوروشدن توساپ قویدو.
یتمدین صولڭ مسعود افندی، تفتیشاك خدمتندە، امین حضرتلەری
میرات خدمتندە، عیسی بەگ افندی اعضالق نام ایلە اشسز قالدی
لدی. ایلی وکیللری ایلە بو 3 افندی اورتاسندا بر بریگە قارشی
نهنە سوزلر، قارشی فکرلر داوام قیلدی.
یورت بو حالدا ایکەن، عیسی بگ افندی اوزینـــڭ یورت
دعواسی اوستندە اوزوندن داوام قیلدیرغان غزیتـــە، مجموعە
چیلق اشنی باشلادی. یولنڭ یراقلیقی، وضعیتنڭ آغرلیقـــی
اطرافیغا اویوشقان یاشلارنڭ یتمدین صولڭ قاچیپ یاقین یولاماغانی
لیقی، و اوزینڭ یالغوز قالغانلیقیغا باقمای تیز ملت اچندە لانجو
دن مطبعە آلدوروپ، عبدالخیر تمور، عبدالله نعمانی کبی 3 — 4
آدم ایلە آلتای نشریات ادارەسینی اورومچیدە قوروپ مجموعە
چقاریشقا باشلادی.

# اورومچیدە یاشلار حرکتینڭ باشلانیشـــی

یورتدا شول زمان کلگەنگە قدر یاشلارنڭ یورت ملت فائـ
ـدەسی اوچون بیرەر سیاسی مەیدانغا تاخلاپ توشوپ خلق آلدنـــ
ـدا بر آوانگاردلق رول اوینغانلیقی کورولمەگەن ایدی. شو
نگەدەك خلق هم یاشلارغا بولوبمو ضیالی مەن دەپ یورگـــەن
یاشلارغا ـــ «افندی دیگەنلەر، اوچاسیغا کاستوم کییش، بوینیـ
ـغا گالستوك تاقاش، باشیغا چاچ قویوش، یانچوقیغا تاغاق سوز
گە سالیپ یوروشدن باشقا بر ایشنی بلمەیدیغان بر انسانلارا یـ
ـکەن. کەچکیچە حکومت آتامز، دوبەن جوشی آتامز دەپ یورسە
بولادیو. یورتی، خلقینڭ نیمە بولغانی ایلە کاری یوق بر خلق
ایکەن» دیگەن کوزدە قاراپ اولارغا اونچە التیفات قلماس ایدی.
دیگەنلەك شلڭ شی سەی نڭ بین الملل چیالك تربیە سیندیمو
پاکی اوزونلن علمسیز محکومنقدا یاشاپ کەلگەنلیکیدینمو یاش
لاردا ملی آڭ دیگەن بر نرسە یوق، وطن پرورلك سیاتی عـــا
جز اخلاقی بوزولغان بر حال بار ایدی.

امما اوجوك شىن بو يورتقا چققاندىن صوڭ بعضى مركزدن چققان بر بولوم كىشىلەرنىڭ نەھايتى تىرەن كەيفى سورەتلەپ الىپ بارغان «خەنسو ملتچىلىگى» تاعقىب قىلىنىدو، ياكى كېيىنكى زمانلاردا كوچلوك حكوم سورگەن ملى ايزىلىشلىنىدو، ياكى آسمىلاتسىيە قىلماق حركتىنىڭ آشكارا باشلانغانلىقىدىنمو و ياكى بو يورتقا آلدىدا - مونىلدا چىقىب قالغان آلتاي، يورت مجموعەلرىنى كوروپ قالغانلىقىدىنمو و ياكى 3افندى بو يورتقا چققاندىن صوڭ اولارنىڭ ملتچىلىك، وطن پرورلىك حقىدە سوزلىگەن سوزلىرىدىنمو — نىمە بولسا بولسون يوقارقى سببلەر آرقاسىدا ياشلاردا ملى آڭ، ملى حركت اويغىنىشقا باشلايدو.

يورتىدىكى ياشلار حركتى اڭ اوەل اورومچىدىن باشلانىدو. جاڭ جى جوڭ، مسعود صبرى، عيسى بەگ، امين حضرت كبى آدملەر بو يورتقا چقىب يورتىدا تىنچلىق اورناتىش، بونىڭ اوچون بر سياست تىگىشلىروش حركتىنى باشلىغاندىن صوڭ، اورومچىدەكى ضيالى ياشلار — «اگر بتىم بولوپ تىنچلىق اورناپ قالغان تقديرده، يورتىدا بر ارگىنىلىك بولماي قالمايدو. اونىڭچە بىرەر حركتكە مشغول بولوپ قالماي قالساقمو، بورونقى كبى اولتوروپ تاشلايالمايدو. اگر بتىم بولالماي سوقوش ينە داوام قىلىپ قالسا، مركزدن كەلگەنلەر كىتەر بولوپ قالسا، يرلى حكومت وضعىيت آغرلاشقان كونلەرده همان دن كوزگە كورونگەن ياشلارنى آمان قويمايدو. او كونلەر كەلگەندە بىرەر جان ساقلاپ قالىدىغان جايىمز بولموغانلىقدىن حارام اولوپ كىتىمز، شونىڭ اوچون بورونقىلەردەك بىكار ياتىپ اولوپ بەرگەندىن بىرەر ايش اشلەپ اولوپ كەتسەك عارمان بولماس» — دىگەن بر توشەنچەگە كىلىپ، مطبوعاتلىدا، سوزدە، مجالسەدە بولوپ يوزلەپ، ملت فائدىسىغا آز — تولا قىمرلاشقا باشلايدو.

صحبت داوامىدا جاڭ جى جوڭ، مسعود صبرى، عيسى بەگ افنديلەر بر قاتم مركزگە بارىپ قايتماق بولغانىدا، بر بولوم ضياليلار يورت حقىدە خلق نامىدن مركزگە بر تىلەك كوندورمك بولودو. بو فكرنى 3افندى آڭلاپ قبول كورودو. و اونىڭ ۋوجوديغا تشبثكار بولودو.

نتیجەدە یاشلار بو تیلەكنی آشكارا یازماق، تیلەككە عموم خلقنی امضا اتلورمەك، و حكومتنڭ مخفی ایش قلدی دەب برەر تهمت چاپلاب قویوشندن ساقلانماق اوچون، حكومت اوزیگە صا دق دەب بلگەن برنچە كاتتا آدمنی اورتاغا الب اولارنڭ آلدیندا كورسوتوب توروب بو تیلەكنڭ لایهەسینی توزوب چقماق، تیار بولغاندن صوڭ ملنیت قلوبندا خلق یغینی اچب خلق آلدندا بر اوقوب اوتمەك و بتون خلققە امضا اتلورمك قراریغی قبول قلب اشقا باشلایدو. باش ساقچی إدارەسینڭ معاون مدیری عمر داملا قاتناشقان حالدا اویغور اویوشماسندا بو تیلەكنڭ لایهەسی ابراهیم مطیعی، فقیر، تورسون واحدی، مجید زاحدی كبی یاشلار طرفندن توزولوب چقیدو.

نتیجەدە، جمعە كونی مجلس آچماق بولوب، باغاقلار تارقا تیلماق بولوب توزغاندا، معلوم كشیلەر طرفندن بو ایش آرقا غا تارتیلیدو. آخری باریب مجلس هم آچورمایدو. بو تیلەككە ملی مختاریت طلبیدن تارتیب یورتنڭ احتیاجلق دەب بلگەن اوش شاق مسئلەلریگە قدر تیلەكلەر كرگوزولودو. اما توسقونلوق آرقاسندا ووجودقا چقمای قالودو. شونداق بولسیمو مجلس آچال مای، خلققە آڭلاتالمای، امضا اتدورالمای قالغان بولسیمو، اه ضاسز، ایگەسز شو حالندا بولایهە مسعودافندم گەتاپشورولودو.

یاشلارنڭ بولوبمو شاعرلرنڭ غزیتەلردە ملت، یورت دەب یاز غان نرسەلری كوپەیشكە باشلاغاندا، یرلی حكومت غزیتە خانە نی قاتتق تكشوروش آستیغا آلودو. سونزورسیز برمو مقالە باس تورمایدو. آخری یاشلار خلق طرفندن برغزیتە یاكی مجموعە چقارماق حركتیگە كریشیدو. یاشلار بو ایشنی قوزغاشدا، بو ایش یالغوز صاف آڭلی ضیالی یاشلار ایلە چەكلینب قالغان تق لیردە اشنڭ باریب چقماسلقینی، و باشقالارنڭ بو حركتنی بو زوب قویوشینی سیزیب هر ایشیمزنی حكومت بیلب تورسون دیگەننی قیلب، بو حركتكە خفیە دەب گمان قیلنغان یاشلار همبو ایشقا قاتناشتورولودو. نتیجەدە «خان تەڭری» ناملی برمجموعە چقارماق بولودو. بوایشقا، بعضی اوزومزدن قاتناشتورولغان یاش لار بولوب، حكومت بولوب قاتتق قارشیلق كورسوتودو. «بولار

نلڭ آرقاسىندا ايلى طرف‌نلڭ يول يوروغى بار، بولار ايلى نلڭ تش
ويقينى قلماقچى، بونلڭ آرقالى بولار حكومتكه قارشى مخفى تش
كيلات تورماقچى» ديگەن سوزلەر ايله بو ايشنلڭ آرقاسىندا يور
گەن ياشلارنى قورقوتۇدو. حتى شول‌ايش آرقاسىندا يورگەن
كشيلەردن ابراهيم توردى، سالس افندى، ابراهيم مطيعى وفقير
بولوب برنچه آدم باش ساقچى باشليغى خوگوجين طرفندن‌سو
راققا تارتيليدو. يرلى حكومت ياشلارنلڭ بو حركتينى هيچ بـر
علاج قيلب توساب آلالماى، بو ايشنلڭ آرقاسىندا يورگەن بـر
نچه ياشلارنى منصب بەرگەن بولوب آلتى شەرگه ماڭدورماققا
پلان قورودو. بوحقده بويروق همتوشوروڈو بوايشدن كوب ياش
لار خاپا بولوشودو. «اگر پالانلار ايشدن يوتكەلسه، هەمز اش
تاشلايمز، پالانچى آدمنى اولتوروەز» دەب حكومتنى قورقوتوش
قـا بـاشلايدو، بوكونلەرده اوروەچيده يالغوز امين حضرتـم
قالغان بولوب قالغانلار اچكرگه كەتكەن ايدى.

حكومت بوپلاندن هم نتيجه چقيرالماى، ياشلارنلڭ بوحركتي
نى حمايه قلغان قيافتكه كيريب، بو حركتنى اوز فائيداسيغا بو
راب آلماق بولودو، بونلڭ اوچون مجموعەنلڭ اقتصادى، قەغذى
راسخود پولينى فرقه بولومدن چقاريب بەرمك، مجموعەنى فر
قه رياستى آستندا چقارماققا مصلحت بيريدو، بونى هم بولدو
رالمايدو. آخرى ياشلار اوزيگه قارشى چققان كشيلەرنى «سزلر
بزگه رهبر بولوڭلار، بزگه ياردملشيڭلار، يول كورسوتوڭـ
لەر» دەب اولارنى آلديغا سالب اداره، خلق بولوب هەمەدن اعانه
توپلايدو، بواشدا حكومتنلڭ بعضى مهيم آدملەرى بوحركتنى
اوزلرى فايداسيغا بوراب آلماق اورنيغا سزەر سەزمەس حالدا
اوزلرى ياشلار فائيداسيغا اشلەب قويغانينى سەزمەى قاليدو.

ياشلارنى خوش قليمزدەب ادارەلر، حكومت كاتتالرى نهايـ
تى كوپلەب اعانەغه يازيليدو. نتيجەده 7 مڭيون اعانه توپلانيدو.
(اول وقتدا آلتون 30 مڭدوللار بولوب شول پولغا 233 سر آلـ
تون كيلەر ايدى)

ياشلار بوايشنى باشقا الب چقدى. اوتوب چقدى، مجموعه چقاردى. آخرچه وضعيت بوشاب، بتم امضالاندى. ياشلار حركتى دنيمو كوچايدو.

8انچى ايون كونى جاڭ جى‌جوڭ افندى بتون اورومچى ياشلرينى غربى زالغا صحبتگه چاقريدو: «بوگون هرقايداغ بر فكر، هرقايداغ بر تيلەك آتماقتا اركن. مركزنڭ تاريخدن بويان شنجاڭغا قاراتقان سياستى خطا بولوب چقدى. بوگوندن باشلاب ياڭى تاريخ باشلايمز. مركز تاريخدا قيلب اوتكەن خطا سياستينى 2نچى تكرارلامايدو. اگر موندن صوڭ بورونقيدەك ظلوم داوام قيلديغان بولسا، شول وقتدا مەن شنجاڭلق آلدندا توروب بو ظلومغا قارشى انقلاب قلماقتا مەن باش بولوب اورتاغە توشومەن» ديگەن كبى سوزلرنى ايتب ياشلارغا برتورلى روح بيريدو. بوسوزلرنى آڭلاغاندن صوڭ ياشلارنڭ اوزون يللاردن بويان يورەكندە اورناب كەتكەن درد المارى، آە زارلرى، فكر تيلەكلرى قاينا غان قازاندەك تاشيشقا باشلايدو. تيلەكلر، اوتكەن كونلرگە شكايتلر 2كون داوام قيليدو. شول كونى تاشلانغان تيلەكلەرنڭ مەيم نقطەلرى توبنديكچە:

1) يورتيمزنڭ شنجاڭ ديگەن اسمينى اوزينڭ جغرافيە ملى اسمى بولغان « شرقى توركستان » ديگەن اسميگە يوتكەب بەرسون.

2) اويغور، قازاق، تاتار، اوزبك، قرغز، تارانچى، تاجيك خلقينى بر «تورك» ديگەن اسمدا يورتسون.

3) اويغور، قازاق، تاتار دېب پارچەلانغان هربر آيماق مدەنى آقارتيش اويوشمالرينڭ تشكيلى اوزگرتيلسون، همەسينى بريكتوروب بر «تورك مدنى آقارتيش اويوشماسى» قيلب بەرسون. بتون تورك آيماقلرى شو بر تشكيل اچيگە كرگوزولسون.

4) آلتى شهر خلقيغه شمالغا اوخشاش اركينلك بيريلسون
5) اداره خلمتيگه تورگلردن كوب كرگوزولسون.
6) مصادیره قیلنغان ملوكلەر اوز ایگەلریگە قایتوزولسون.
7) مطبوعات، سوز، يیغین آچیش اشلریگه تولوق اركينلك بيريلسون.
8) قازاق خلقيتنك معارفينى يوقارى كوتورمك اوچون تيز ملت اچيده تاغ ــ قرلارغا مكتب سالنسون.
9) تورمەده اولگەن قهريمانلار اوچون بر خاطره منارەتور غوزولسون.
10) تورمەده اولگەنلەرنك بالا چاقاسیغا حكومتدن یاردم قیلنسون.
11) شنك شی سەی نی اورومچیگه الب كیلب خلق آلدندا جازالاب بەرسون.
12) اچكى اولكودن محاجر كوچوروب چيقش ایشی توختاتیلسون.
13) شمالدا آدم آز، يەر كوب، آلتى شهردەكى كمبغل يەرسز دهقانلار شمالغا كوچورولسون، اولارغا يەر تقسيم قيلب بيريلسون.
14) خەنسولارنك تورگلردن خاتون اليش اشلرى قاتتق منع قيلنسون:
15) بانكادن قرض گه بيريلەديغان آقچاهر برملت نفوزيغا قاراب برابر بيريلسون.
16) ساقچى ادارەسينك خفيه اشلرى يوق قيلنسون. خفيه خادملرى اشدن بوشاتيلسون.
17) يورتنك معارف، اجتماعى، اصلاحات، دهقانچيلق اشلريگه كوب كوچ چقاريلسون.
نتيجەده شوندااق تاشلانغان فكرلر برنچه يوزگه يتب باردى. جانك جى جونك افندى بو سوز بو فكرلرنى آڭلاغاندن صونك «شرقى توركستان، تورك، محاجر اليب چقماسلق» توغرولوق فكرلرنى شخصى جهتدن قبول كورگەنينى، اما بو مسئلەنى قرار قيلش حقوقى دولتلك كيڭەش هيئتىنك قولندا ايكەنينى بونك اوچون بو ايشنى اولكولوك كيڭەش هيئتى آرقالى دولة

لك كېچەش مجلسىگە قاشلاشقا قېگشلك ايكەنىنى، اوندن باشقا تېلەكلرنىڭ 99 فائىضىنى عملگە آشوروشقا وعدە بەرگەنلىكىنى شو مەيداندا آغزآرقالى بيان قيلب اوتودو. بونڭدن ياشلار كوپ خرسند بولوشودو.

ياشلار اتتفاقىنى كوچلانلوروب، كوپ خلقنىڭ حىمايەسىگە ايگە بولوب، يورت، ملت فائىداسىغا لازملق اشلرگە كرىشىش كە باشلايدو. اما بتم امضالانغاندن صوڭ ايلى وكىللرى ياشلار حركتىنى اوز فائىداسىغا اشلەتىشكە كرىشىدو. بونڭ اوچون اورتاداكى بعضى ياشلارنى قولغا آلودو. بولار آرقالى بتون ياشلارنى اوزلرى استەگەن حركت آرقاسىغا اويوشتورماق بولودو. بتمدن صوڭ اداره خادملرى 70 فائىض يرلى خلقدن بولودو دېگەن توختامغا آساسا ياشلارنى ادارەلرگە اورونلا شتوروشدا باياقى ايلى وكىللرى قولغا آلغان برنچە ياش مهم رول اوينايدو. اولار ياخشى دەب تانىشتورغانلار اوستونرەك اورونغا، يامان دەب تانىشتورغانلار توبەن اورونغا كرگوزولودو. بر بولوم ياشلار، «اگر شو 3 — 4 ياشقا ياخشى كورونمىسەك اشسز قالار اوخشايمز» دەب شولارنڭ آرقاسىغا كرىشكە مجبور بولودو. اولارنڭ آرقاسىغا كرمىگەنلەر تورلى حقارت، شكايتكە اوچرايدو. شوندااق قيلب ياشلار حركتى توغرى بر چغردن چىقب، سياسى رەڭگە كريب كېتىدو.

## بتم دن صوڭغى ياڭى حكومت

7نچى آينڭ برنچى كونى بتمدن صوڭغى ياڭى حكومت رسمى تشكيل بولودو. ياڭى حكومت تشكيليگە كرگەن اعضالار شول كونى قەسەم بېريب خدمتىنى تاپشوروب آلودو.

اولكولوك حكومت رئيسلك خدمتىنى قوشومچە الب بارىشنى اوز اوستىگە آلغان غربى شمال اوردو اشتاب مديرى جاڭجىجوڭ افندى اشنى «تنچلق، برلك، خلقچيلق، اتتفاقلق» دېگەن بو تورلى سياست آستندا الب بارماق بولودو. بونڭ ايلە برگە «اولكولوك حكومتنڭ سياسى اشلرينى عملگە قويوش پروگرامماسى» ناملى بر پروگرامما اعلان قليدو. يوقورقى سياست، پرو

گرامەانی ایلی وکیللری هم قبول قلغان بولودو. جاڭ جی‌جوڭ افندی یوقورقیلارغا قوشومچه قیلب یانا «جوڭگو — سەویت دوستلوقینی کوچلاندوروش، دولت‌نڭ برلیکینی حمایه قیلش، خلقچیلق سیاستنی اجرا ایتش، هربر ملت اتفاقینی کوچلاندوروش» دیگەن 4 تورلی سیاستنی، «پاراخورلوقنی، نشه—افیون کبی چکیملیکنی، و قیماربازلقنی قطعی یوقاتیش» دیگەن بو 3 تورلی شعارنی مەیدانغا آتیلدو.

بونڭ سرتندا خلق اوستندەکی آغرلق مسئلەلرنی حل‌قلماق اوچون شو اشلەرنی اشلەدی:

1) شویلقی بریللق پاراق‌غلەنی دهقانلار اوستندن کوتوروب تاشلادی. شویلی سودا تجارتچیلەر اوستندن تورلی باجلاردن یارم یللق باجنی کوتوروب تاشلادی.

2) بر مصادیره قایتوروش ادارەسی قوروب، شڭ شی سەی طرفندن مصادیره قیلنغان کوچمەس ملکلرنی اوز ایگەلریگەقایتوروب بەردی.

3) بی‌واسطه اولکولوك حکومت قارماغندا بر سو ادارەسی تشکیل قیلب اولکونڭ سو قورولوش اشلریگه باشلاماق بولدی.

4) بتم‌گه آساسا سیاسی گناهکارلاردن ایروەچیدن 253 نفر، چەت ولایتدن 135 نفر کشینی آزاد قلدی. شڭ شی سەی زمانندا سولانغان چوڭ کیچك کاممونیستلەردن 131 نفر کشینی تورمەدن آزاد قیلب، لانجو آرقالی یەنەنگه یەتکوزوب قویدی.

5) بتون خلقنڭ لعنتی‌گه اوچراغان باش ساقچی ادارەسی (جڭئوچو) نی تارقاتیب، ساقچیلق اشلرینی اچکی اشلەر نظارتی قارماغیغا اوتکوزدی.

6) طلب بوینچه توسەن گوڭسی (یرلی مال سودا شرکتی) نی تارقاتیب، اونڭ بوروں اشلەب کلگەن اشینی اونڭ اورنیغا یاڭی تشکیل قیلنغان صناعت‌شرکتیگه اوتکوزدی.

7) بوروں هربر ولایت، ناحیەلرگه والی حاکم بولوب تورغان بر بولوم خەنسولارنی یوتکەب اولارنڭ اورنیغا یرلی خلقدن والی، حاکم قویدی.

8) جنوب‌نڭ احوالینی بلمەك، اولارغا مرکزنڭ سیاستینی

آشلاتماق اوچون آلتی شهرگه بر تفتیش هیئتی ایبهردی.
9) تورگلهر ایله خهنسولار بر برلمن خاتون قیز آلیشـ
ـسون دهپ قاتتق بویروق توشوردی.
بتمدن صونگ خلق خیلی ارکینلککه ایریشدی. خهنسولارنک
بورون زورلاب تورکلهردن خاتون ـــ قیز آلغانیغا خلق یورهگد
ده نهایتی زوربر غضب ساقلاپ کهلگهن بولسیمو، اما بونگ
اوچون آچوقدن آچوق بر قارشیلق کورسوتالمای فرصـت
کوتوپ یاتقان ایدی. بتم بولغاندن صونگ خلق اوروم‌چیدن باشـ
لاپ خهنسولارغا تهگکهن تورک خاتونلرینی نهده کورسه شوجای
دا توتوپ اوروپ سوقوپ مسجیدلرگه سولاشقا باشلادی. بونگ
غا قاراپ جانگ جی جونگ افندی بو بویروقنی توشورگهن بولدی.
بتون اولکه بوینچه هربر ولایت ناحیه‌لرده کیگهش هیئتی
تشکیل بولدی. ولایت ناحیه‌لرده حاکم سایلاش اشی اجراقلندی.
حکومت اداره‌لرینگ یازو خطی خهنسوچه، تورکچه 2 تورلی تیل
دا الب باریلدی.

# بتمدن صونگ 7 ولایتنی ایلی طرفنگ اوینا غان رولی

ایلی قوزغولاشی خلقنگ عادلدن سیرت قسیلب، شوندای بر
قوزغولاشنگ چقیشینی سیغینب تورغان زمانلریندا قوزغالغاندد
دن، خلقده‌کی اونچه مونچه ارکینلک بتمدن صونگ باشلانغاز
لقدن و ایلی قوزغولاشینگ آرقاکورونوشی نیمه ایکه‌نینی دخی
سیزیپ چقالمیغانلقدن و بتمدن صونگغی ارکینلکنی، برابرلکنی
مرکز مهن‌بهردم، بونی بهرمه‌کسهن‌مهن جویی دا بورون بلـگو
لهنگهن سیاست ایدی. دهپ ایتسهمو، امما مرکز بورون فرصتی
نی قاچوروپ قویوپ بورون بهرمه‌ی، قوزغالغاندن صونگ یاخود
بتمدن صونگ بهرگه‌نلکدن بو کلگهن ارکینلک، تهگلیکنی قوزغو
لوشنینگ نتیجه‌سی دهپ بیلب بربولوم خلق بتمدن صونگ ایلی و کیلـ
لرینی قزغین قارشی آلمای و اولارنگ سوزلیگه‌نینی سوزلیمه‌ی
استه‌گه‌نینی اشلیمه‌ی تورالمادی.

ایلی وکیللری و بتمدن صولڭ ایلیدن کیلب حکومت تشکیـ
لیگه کرگەن کشیلەر، جمعیتدەکی بو حالدن فایدالانماق بول
دی. بونڭ اوچون اولار تشویق یولی ایله خلقنی بولوبمو یاشـ
لارنی قولغا الب، بتون حاکیمیتنی قولغا کرگوزوب آلماققا حا
ضرلاندی.

ایشنی برنچی نوبتده خلقنی اوز اطرافیغا اویوشتوروب آلـ
ماق، اولارنڭ آرقاسیغا کرمیگەن کشیلەرنی تورلی تهدید، تنـ
قید یولی ایله آرقاسیغا کرگوزوشکه مجبور قلماق، بونڭغا او
نومای یورگەنلەرنی قورقوتوش، اوردوروش، غزیتەدە یازیش
یولی ایله آرادن سیقب چقارماق، یاخود برباش کوتورالـماس
حالغا کەلتوروب بتون خلققه اونداغ آدملەرنی یامان کورسو
توش کبی ایشلەردن باشلادی. بوخیل آدملەرگە«خطاچی، خطایـ
غا ساتیلغان؛ شاڭ ناو جین، یاریم شاڭ ناو جین (اچکردن چقـ
قان خەنسولارغا بیریلگەن بر لقم) خائین، مستبد» دیگەن اسم
لەرنی یوکلەب، یاخشی ایله یامانی بر تایاقدا هایدادی.
یارغان ــ کەتکەنلەردن فایدیلینب یاشیرین تورده اطـراف
ناحیەلرده ایلیدا قورولغان «انقلابی شرقی تورکستان یاشلار
تشکیلاتی» نڭ شعبەلرینی قوردی. «سیاره تیاتر اومیگی» دیـ
گەن نام آستندا آدم اورودیغان توکچه کلەر فرقەسینی اویوشـ
توردی. اورومچی، تورپان، قەشقەر و باشقا جایلاردا تاءثیرینی
خیلی کوچایتب آلدی. سوزیگه کرمیگەن، ایلی وکیللری استه
گەن یولدا ماڭماغان کشیلرنی هربر شهرده یوقورقی فرقه اعـ
ضاریغا اوردوروشقا، غزیتەلرده تیللاپ رەسوا قیلشقا باشلادی:
ایش بو حالدا داوام قلغانلقدن کوپ خلق بولارنڭ تهدید
قللاشندن، اوروب سوقوشیدن قورقوب شولارنڭ آرقاسیغا کریشـ
که، یاخود باشینی اچکه تقیب الیشقا مجبور بولدی. باشـدا
اولارنڭ بو حرکتیگەچەك قویولماغانلقدن یاکی بر قارشیلق حر
کت بولماغانلقدن، اولارنڭ قارشیلقیغا اوچراغان بعضی کشیلەر
حامیسیز یالغوزچیلق تارتیب قالدی.
آخری باریب اولارنڭ بو حرکتی چەکسز حالدا داوام قیـ

لىشقا باشلاغانلىن صوڭ حكومەتطرف قانونى، تشكيلى حالــىلا
اولارنىڭ بو حركتىنى چەكلەشكە باشلاماي تورالمادى.
36 نچى يىلى 23نچى فېۋرال كونى اوروەچيدە «حوررا چى
لار گروحى» نىڭ باشلىقى عبدالرحمن مخدومنىڭ قوزغاوى آرقا
لىا زور بر نمايش بولودو. بو نمايشچىلار طرفىدىن 72 ساعتلىك
مىلت اچىدە جوابا بەرمەك شرطى ايلە حكو مەتكە 70 80 تىلەك
تقدىم قىلىنغان، بونى رەتىگە 24نچى فيورال كو نى تونگا نلار،
قازاقلار، 25نچى كونى 3 4 مىڭ آدم قاتناشقان حالدا خەنسو
لار طرفىدىن نمايش بولودو. كيىنكى نمايشدا اولكولوك حكو
مت بناسى اچىدە نمايشچىلار طرفىدىن احمد جان افندى باش
لىق ايلى كشىلرىگە هجوم باشلىنىپ، اولارنى قاتتق سىقىش آستىن
غا آلودو. نمايشچىلار آراسىدا قالغان بورهان افندىنىڭ شوفيرى
باشلىق 4نفر اويغور (فقرا) هجومغا اوچراب تاياق توقماق آستىن
دا اولودو. بو واقعه مناسبتى ايلە اوروەچى شهرى زور خوفآس
تىدا قالودو: شهر دەربازالرى تاقالىدى. شهر تاشىدەكى خەنسو
لار شهر اچىگە قاراب كوچوشكە، شهر اچىدەكى توركلەر شهر
سرتىغا قاراب كوچوشكە باشلادى. بر بولوم خلق اچكى طرف
دن بكتىلگەن جنوب دربازا آلدىغا توپلونوب آلودو. بو زمانلار
شونداغ بر زمان ايدىكى، ايلى طرفنىڭ بعضى بر قلغان اتكەن
اشلرىدىن دولايى توركلەر ايلە خەنسولار اورتاسىدا نهايتى فيجح
حالدا بر قاريمو — قارشىلق داوام قلغان كونلەر ايدى. اگر
جددى بر تدبير قوللانىلماغاندا، بوايكى ملت اورتاسىدا بر قان
لق فاجعە توغولوب قالغان بولور ايدى. اما بختكە يارىشا،
حكومت ايلە ايلى طرف كشىلەرنىڭ صبر قيلىش، تنچلق ساقلاپ
قاليش ديگەن پرينسيپ آستىدا نهايتى تېز چارە كوروب آلغانى
اوچون مسئلە تنچلق ايلە توگوتولدى. بو واقعه مناسبتى ايلە
اوروەچى شهرىدە 5 — 6 كون حربى حالت اعلان قيلىندى.

منا شول واقعەدن باشلاپ ايلى طرفنىڭ تاءثيرى عاجزلاش
قا باشلادى. شونداغ قلب ايلى طرفنىڭ يورگوزگەن حركتىگە
قارشى حركتلەر اويوشوشقا، مەيدانغا چىقشقا باشلادى.
بتمدن صوڭ هربر ولايتكە سايلامغا هيئت بارغاندا، شـول

قاتاردا آلتايغا سايلام ھەيئىتىگە اوروەچى والى مەھكىمەسىنىڭ مەاون واليسى تورکستان ناملى بر قازاق يىگىت باش بولوب آلتايغا باريلدو. بو كشى يولدا كېتىپ بارىب دوربونجىن ديگەن جايغا يېتىب بارغاندا، شوندا مەلوم كشىلەر طرفىدىن اولتورولودو. بو مناسبت ايله قازاق خلقىنىڭ بولوبمو خادوالىڭ خانم، جانىم خان حاجم كبى قازاق كاتتالرىنىڭ احمد افندى باشلق ايلى كشىلرىگە ناراضىلقى كوچلانىدو. آرادا نهايتى كوچلوك قارىمو قارشىلق پەيدا بولودو

بونىڭ اوستىگە بورون چوچەكنى تاشلاپ سەويت تۇپراقىغا اوتوپ كەتكەن برمونچە، خەنسولار بتمدن صوڭ قايتىب كەلمەك بولوپ چوچەككە اوتكەندە، اولارنىڭ اچندەكى 70 گە قدر آدم «ھوزرا» چيلارنىڭ ھجومىغا اوچراپ اولودو. بو واقعەدن صوڭ باشقا خەنسولارنىڭ ايلىغا قارىتا ناراضىلقى، قارشىلقى كوچلانيدو.

بتمدن صوڭ اورتادا مسعود افندم ايلىغا بر بارىب قايتىبدو اوندن صوڭ جاڭ جى جوڭ افندى بر بارىب قايتىدى. بولار قايتقاندا ايلى طرف قانچە قلسامو بولارنى خاپا قيلب رەنجيتىب قايتورودو. كېين جاڭ جى جوڭ، مسعود افندى، احمد جان افندى باشلق بر توركوم حكومت آدملرى آلتى شهرگە بارغاندا، ايلى طرفنىڭ آرقاسىغا كريب كەتكەن كوب كشىلەر بولوبمو قەشقەردە جاڭ جى جوڭ افندىنىڭ آلدىنى توساب كوب خاپا قيلدو. نمايشلەر اوتكوزودو. حكومتنى شبهەگە قويودىغان تورلى تيلەكلەرنى تاشلابدو.

يوقورقى واقعەلردن صوڭره، بعضى بر كشىلەر ايلى طرفنىڭ بو حركتىگە چىداپ تورالماى قولىدىن كەلگەنچە قارشىلق كورسەتودو. آيرىم جايلاردا، آيرى كشىلەر كوپرەك ايلى طرفنىڭ حر كتىگە مشغول بولغان كشىلەرنى قستاماققا آليشقا باشلايدو.

# علی خان تو ره و عثمان با تور

ایلیدا اورتاغا چققان علی‌خان توره گروهی ایله مهمانلەر گروهی اورتاسندەکی کورەش، سوقوش داوامیدە او چوقدن اوچوق بربریگه زید حرکتکه کیریشالماغان بولسامو، اما سو قوش توختاپ صحبت دەوری باشلانغان زامانلاردە بو کورەش جددی آچوق برحالغا کیریدو.

فایدالانش دەوریدە مهمانلر گروهی علی‌خان توره نلک حرمتینی قلیدو، امر فرمانیغا اطاعت قلیدو. همه اشدا اوەل اول کشینلک راضیلقینی آلیدو. علی‌خانی بتون انقلاب نلک یتەکچیسی دەپ تانویدو. اما فایدالانش دەوری توگەپ، او نوکتەز اش آلیب بارماقا امکان توغولغان دەور باشلانغاندا، مهمانلر گروهی کوروندە علی‌خان توره گه اطاعت قلغان، امر فرمانینی اجرا قیلغان قیافتکه کیریپ، اچکی طرفدن اوزیکه سادیق ادملرنی اش باشیغا چیقارماقا، مهم اورونلرنی قولغا آلماقا، حکومتنی اوزی استەگەن یولغا بوراپ اش الیب بارماقا، بونکغا قارشی کلیدیغان توسقونلارنلک کوچینی توگەتورمای یوقالتشقا، خلاصە علی‌خان توره‌دن حاکمیتنی تارتیپ آلماقا ایش باشلایدو.

بونلک اوستیگه ایلی طرفدن حکومت خادملریدن تارتب فقرالارغا قدر بولماق خلق مهاجرلقا یازیلشقا باشلایدو. بتون ایش مهاجرلرنلک قولیغا اوتودو. یوروون باشدا انقلاب مەیدانیغا تاخلاپ توشکەن قهرمانلەر قوروق منصب ایله چەتدە قالیدو. مخفی و آشکارا اشلرنلک همەسی مهمانلەرنلک قولیغا اوتوپ کتیدو. بو احوالغا قاراپ تورالماغان علی‌خان توره مسجدلردە، مجلسلردە مهاجرلقا یازیلشغا قارشی اچوق تشویق قیلشقا باشلایدو. بو تشویق خلققه کوپ تاثیر بریدو. بو احوالدن شوک بوروون علی خان توره‌نلک اوزی مهاجرلقه یازیلغان ایکەن دەپ بلەر بلمەس حالدا مهاجرلقا یازیلپ کتکەن کوپ آدملەر مهاجرلقدن چیقیشقه گواهنامەلرینی قایتوروشقا باشلایدو. علی‌خان توره‌نلک بو حرکەتی مهمانلر گروهیغا قاتتق برضربە بولودو.

صحبت داوامیدا علی‌خان توره، ایلیدا توروپ مسعود افندی امین حضرت، عیسی‌بلک افندیلرنلک اوروم‌چیگه کەلگەنینی، [illegible]

نىڭ مەسلىكى، فكرىنى انقلاب بوكشىلەر ايلە علاقە باغلاپ ماڭقان،
يول-يوروق سوراماققا حركت ايشلەيدو. بو ايشدىن خبر تاپقان
مهمانلار گروهى على خان تورەنى قاتتىق تفتش آستىغا آلىدو.


على خان تورەنىڭ اطرافىدىكى يېقىن آدملرى سحرالارغا چىـ
قىپ مهاجرلىققا، مهمانلار گروهىغا قارشى آچوق تشويق يورگوزودو.



احمد افندى قاسمى

ايلى نىڭ بتون قوماندانلىق حقوقى احمدجان قاسمى نىڭ قولىغا او
توپ قالىدو. بو كشى شىڭ زامانىدا چوچەككە پەيدا بولغان كشى
بولوپ شىڭ نىڭ تورمەسىندە ايكى يىل ياتقان. تورمەدىن چىقىپ ايلى
دا بريايما دوكانى آچىپ مىتار-جونار ساتىدو. ايلىدا قوزغولاڭچى
لەر نىڭ حكومتى قورولغاندىن سوڭ مهمانلار گروهى بو آدمنى، تا
پىپ حكومت تركيبىگە كىرگوزيدو. بونى اول حكومت نىڭ زاقخوز
لوق خدمتىگە اوندىن سوڭ روسچە ترجيمان احتياجىنى بهانە قىلىپ
على خان تورەگە ترجيمان قىلىپ قوشودو. اوندىن حكومت نىڭ هر

نى بولوم خلقىتىنى بوكشىگە تاپشوردىلو. بوكشى عالملى، عقىللى آدم بولغانى اوچون تسبىح تارتماق، نماز او قوماق بولى ايله علىخان تورەنىڭ محبتىنى اوزىگە جلب ايتىلو. شونداق قىلىب بواحمدجان قاسىمى خلق وكىلى دىگەن نام ايله ٢ وكىلگە قوماندان بولوب سحبت اوچون اورومچىگە كليلو.



ايلىدا قورولغان شرقى‌تورکستان
حکومەتىنىڭ بايراغى

اورومچىدە بتم امزالينب، حکومت تشکىلى اوزگورۇب ايلىدا قورولغان آى‌يولىوزلوق شرقى توركستان حكومتى بر ولاية لك حكومتكە اوزگرتىلو. بتمدن سوڭ اونكە لك حکومتنىڭ معاون رئيسلكى اورنى علىخان تورەگە خاس بولغان بولسومو، امما مهمانلەر گوروهى علىخان تورەنى برواليلاق اوروندا قالدوروب، اونىڭ اورنىغا احمدجان قاسيمىنى معاون رئيسلككە كـور سو تودو. اونىڭ اوستىگە مهمانلەر گروهى يالغوز علىخانغا برواليلاق او رون بەرگەن بولسودو، امما اونىڭ اطرافىدەكى كوب سا دىق آدملەرنى بتمدن سوڭ اشسز قالدوريلدو. بوا شقا علىخان تورە قاتتق ناراضى‌لق بالدوريلدو بونىڭ اوچون مهمانلەر گروهى طرفىدىن‌علىخان تورەگە قارشى برتشكيلات اويوشتور لودو: بوتشكيلات اعضالرى ناملىدن علىخان تورەگە داورنكـنى بو شاتا بولما سا سو

قەستىگە اوچرايسەن» دەپ مكتوبلەر يازىلدو. خلق آراسىغا تەشويق وەرقەلەرى تارقاليدو.

ويلاديمر استاپانوويچ ٦ــ آينىڭ ١٦ــ كونى خوشلاشماقچى مەن دەپ على خان تورەنى اوز اويى-پرقوى دومغلو چاقريدو. شو اويدن چيقالماى بو كشى خلق آراسىدن يو قالىپ كتيدو. بو واقعەدن سوڭ خلق آراسىدا بيرەر شيكايت، فتنە اغوا تارالىپ كيتىپ قالماسون ديگەننى قيلىپ، مەماندەر گروهى خلق آراسىغا «على خان تورە استراحت اوچون آرشانگغا كەتدى ياقندا قايتيدو» دەپ تشويق يورگوزيدو. ايكى كون اوتكەندن سوڭ توققوز تاراغا كەتكەن تشكيلات اعضا لري قايتىپ كيليدو. شول قاتاردا حاكم بك خواجە هم قايتىپ كيلىپ على خان تورەنىڭ اورنىغا والى بولوپ اولتورودو.

على خان تورەنىڭ خلق آراسىدن يوقاتىلغانلىقى راست بولوپ چىققاندن سوڭ ايلى خلقى زور بر قايغوغا پاتيدو. كوپ خلقنىڭ قولى اشقا بارمايدو. على خان تورە گروهندەكى آدەملەر مسچيد لەرگە، عسكرلەر آراسىغا «على خان تورەنى نەگە اليپ كەتدى، تاپىپ بەرسون، بولماسا قورال تاشلايمز» ديگەن مضموندا تەشويق وەرقەلرى تارقاتيدو. بوسببدن نوردن بكنى آرادن يوق قيليدو. عبدرجان نامى بريگت بو نكغا چيدايالماى اوزينى ايسىپ اولوپ آليدو.

مناس يولى آچلغاندن سوڭ، على خان تورە گروهندەكى محى الدين افندى، نوردن بك، منودر خواجە، حسن قارى، نوري دى قارى كبى كشيلەر ايليدا ايك سيقيلىپ قالغانلقدن اورومچيگە اوتوپ آليدو. شوندا ق قيلىپ ايليدا قوزغالغان قوزغولاڭ ياڭى بر تورگوم كشيلەرنىڭ قوماندانلىسى آستىغا اوتودو.

امدى عثمان باتور بولسا، برنچە يللق تجربە ستندە ياخشى يامانى كورگەن كيمدن پايدا كيمدن ضرەر كيليشنى سيزگەن بر آدم بولغانلقدن باشدا ايليدا كوتورولگەن انقلابقا نهايتى احتياط ايلە علاقە قيليدو. بوعلاقە نىڭ باغلانيشىغا على خان تورە واسطە چيلك قيليدو. سارسومبە اشغال قيلنغاندن سوڭ عثمان باتور ايلى يوق ايلە علاقە باغلاشقا كونمەيدو بونىڭ اوچون على خان تو

ره سارسوەبەگە باربب عثمان باتور ایلە كوروشوڤو اوزىنلڭ ە.
مدن مرادینی عثمان باتورغا آڭلاتیدو بوواسطە ایلە بوایكی كشی
اورتاسندا علاقە باشلاندو. عثمان باتورغا وكالتاً لیطف ناملی بر
كشی غولجاغا باریب علی خان تورەنلڭ قاشندا تورودو
بتم توزەبش ایشی اوچون ایلی طرفنلڭ تكلفی ایلە عثمان باتور
طرفدن لطیف شمسلرا ایلیغا باریب مصلحت اشلریگە قاتناشقان بولسەمو
اما بولاینلڭ كورستكەن تكریگە ایلی طرف هیچ بررعایە قلمادیو. ایلیدن
اوروەچیگە یتم اوچون باریدیغان وكیللرا چگە عثمان باتورنلڭ آدملریدن
برەرنی بتولسەموقوشوپ قو یمایدو.
سارسوەبە اشغال قیلنغاندن سوڭ ایلی طرەفدن گینـــ
رال ویكتیروڤ، عسكر باشی لیكسین آلتایغا كیلب باتورغا مص
لحت سالمای خلق قولندەكی قوراللارنی ییغب ایلب ایلی غا ای
بەریب بریدو.
عثمان باتور والی بولغاندن سوڭ اونلڭ قاشیغا ایلی طرەف
دن برقانچە آدم كیلب اونلڭ ادارە اشلریگە آرالاشیدو.
شلڭ زاماندا آلتایغا كیلب قایتب كتكەن روس انجینرلری
ــ یلی 4نچی آیدا عثماندن روخصت آلمای كوكتوقایغا كیلب
كان، تەكشوروشكە كریشیدو.
ایلیدا علی خان تورە توتولغان همان لطیف ایلیدن آلتایغا
قایتب باریدو. یوقوروقی سببلەردن عثمان باتور ایلی طرف ایلـــە
بولغان علاقەسینی بتونلەی اوزودو. اورتانی كیلشتوروب قـــوی
ماق اوچون آلتایدەكی كونسول، معاون والی دلیلقان، گینرال
اسهاقلەر عثمان نلڭ آلدیغا برنچەچ قیدو. اما اورتا كیلشمەیدو.
یتم اوروەچیدە امضالنغان كینلردە عثمان باتور طرفدن 2 نە
پەر وكیل كیلب اوروەچیدە جاڭجی جوڭ افندی ایلە كوروشودو.
ایلی طرف عثمان باتورنلڭ بو ایشیغا عجبلنیدو و ناراضی بولودو.
شوندن سوڭ ایكی طرف برنچە آیلەر بر-بریگە قارشی حر
كت ایلە مشغول بولودو.
36نچی یلی 2نچی آیدا اورتادا قوراللق توقو نوش تو غو
لوب، ایلی طرف 5 مڭدن آرتوق عسكر ایلە عثمانغا قارشی سو
قوش باشلایدو.

عثمان باتور 3نچی آینك 26نچی کونندن باشلاپ چکینب الله آخردا بەیتك تاغیغا کیلب اوروتلوشودو. بوسوقوشقا تاشقی مونغول آتلق عسکرلری هم قاتناشیدو.

5نچی آینك 28نجی کونی بر بولوم تاشقی مونغول آتلیق عسکرلەری عثمان باتور عسکرینی قوغلاپ کیلب بەیتکدا تورغان حکومت عسکرلری ایله توقونوشیدو. بوواقتدا حکومت عسکرلری بوتاشقی مونغول عسکرلرینی آرقاغا چیکندوروپ بولردن 8 عسکر، 24 آت 5دانەپولیموت اسیر آلودو.

6نچی آینك 2نچی کونی تاشقی مونغول عسکری «بەیتك بول سا تاشقی مونغول توفراغی، موندا تورغان جونگگو عسکرلری قایتپ کەتسون بونك جوابی 48ساعت اچندە بریلسون» دیگەن مضموندا بردانە اوختورتوشنی جونگگونك بەیتکدە تورغان عسکرلریگە تاپشورودو

بوقارقی طلبنك جوابینی کوتمەی 6نچی آینك 5نچی کونی تاشقی مانغولیەدن 5دانە آیروپلان اوچوپ کیلب، «جونگگو عسکرلری تاشقی مونگغول چیگراسی اچیگە کردی» دیگەن بهانە ایله بەیتکنی 6ساعت بومباغا توتودو 60 دانەدن آرتوق بومبا تاش لایدو بوآیروپلان حمایەسی آستیدا هجوم قلغان مونگغول آتلق عسکرلری ایله 4 کیچە کوندوز قانلق سوقوش داوام قلیدو بو سوقوشقا بەیتکدا تورغان مالەنجاڭنك عسکری وعثمان باتور عسکری قاتناشیدو چیگرادن 200کیلومیتر اچکری کیرگەن تاشقی مونگغول عسکرلری 8نچی کونی چکینب قایتیدو.

عثمان باتور عسکرلری 36نچی یلی 11نچی آی اچندە سار سومبەنی ینەبر اشغال قیلب، ایلی طرفنك کوچینی چیکندورودو. اما اوزون اوتمەی ایلی چوچەکدن کلگەن ایلی عسکری نك هجومی آرقاسندا یانا چکینب بەیتك تاغیغا کیلب اورونلوشودو. 37نچی یلی 6نچی آی آخریدا 70گە قدر قازاق کاتتالری بیرەر یوزگە قدر عسکری ایله اوروموچیگە کیلب رئیس مسعود افندی باش قوماندان سونگشیلەن قاتارلی کشیلەرنی زیارت ایتیدو بیرەر هفتە توروپ گوچوگغا یانا قایتپ کیتیدو.



Altunoq

# مسعود افندینك حكومت باشیغا چقیشی
# یای طرەفنك قارشیلق حرکیتی

36 نچی یلی 5 نچی آینك 28 نچی کونی اورومچی — غربی زالدا حکومت تشکیلینك اوزگرگنلیکی، مرکزدن اولکولوك حکومت رئیسلکگه مسعود افندینك، باش کاتیبلقغا عیسی بگ افندینك بلگولەنگەنلیکی اعلان قلیندو وشول کونی یاڭی رئیس اش تاپشوروب آلودو. شول کونکی مجلسگه قاتنا شقان احمد جان افندی باشلق ایلی طرەف کشیلری بواشقا ناراضیلقی نی اظهار قلیندو.

زوزونكتاك زمانیدن بویان اوز ارکیدن، اوز حقوقیدن، اوزیگه اوزی خوجا قلش امکانیدن آیریلغان ودوگون امل بغینه اوزیگه رئیسنی اوزخلقیدن تکلاش فرصتیگه ایگه بولغان کوپچولوك خلق بوبرنچی نوبتلیك رئیسلیك اورونك ملتچی، یورت، ملتکه صادق بولمیك مسلەکلیك برتوراتچ اوغلانی مسعود افندی گه تاپشورولغانیغا فوق العادە خرسند بولوب تورغانیدا، بوسببدن رئیسلیك اورونی قولغا آلش، خلقنی اوزی استەگەن یولغا باشلاش، رئیسلیك حقوقلریدن فایدلانیب تارالغان پلانلرینی اشقا آشوروش امکانیتیدن آیریلغان ایلی طرف کشیلری مسعود افندی نك رئیس بولوشیغا نهایتی زور غلیان ایله قارشی چقیدی. ایلی، چوچەك، آلتای، قەشقەر کبی درنچه ولایتنك بربولوم اولکولوك کیگەش اعضالری نامیدن واورومچیدیکی بربولوم خلق نامیدن جانك جی جونك افندی گه — «مسعودنك رئیسلیکینی تانیمایمز، آساسی قانون اجرا قلنب سایلام بولغانغا قدر رئیسلیکنی جانك جی جونك اوزی اولتوروب برسون، اگر بو طلب قبول قلنماسا، حکومتنك بواشی یورتدا برەر تنچسزلقنك چقیشیغا سبب بولوب قالودو» دیگەن مضمونیدا برنچه نوبت طلب کیرگوزودو. بونك اوستگه ایلی، چوچەك، آلتای، قەشقەر کبی جایلاردا بربولوم خلقنی قوزغاب مسعود افندینك رئیسلیکیگه قارشی نمایشلر اویوشتوردو. 3 ولایت دن بواش اوچون مخصوص موکیللر کیلب جانك جی جونك افندی گه ناراضلق بیان قلیندو.

آشکاره تو ده، یوقوزقیلیک حرکتلارگه کریشکه‌ن بولسا، یاشیریین تور ده بولوبه‌و اوروه‌چیله تورلی افسانه سوزلرنی یازیب کوچامو کوچا تشویق وه‌رقه لری تارا تیلدی
بو حرکتلاری هیچ بر نتیجه به‌رمه‌یلدی. کوپچولوک کینگه‌ش أعضالری مسعود افندمنلنگ رئیسلك اورنیغی تاشیب مباره‌کله‌یدی. کوپچولوك اوروه‌چی خلقی اویگه باریب مسعود افندمنی تبریکله‌یدی. اطراف ناحیه‌لردن نوایتی کوب سانلا تبریك تلیغرامّلار کلشکه باشلایدی
مرکز حکومت هم اوز سیاستیده قطعی توروب، ایلی طره‌ف نیلك تله‌کینی قبول قلمایدی. آخری ایلی طره‌ف بو تشویقی حرکتدن فائیده چیقارالمای برعملی یاکی برجدی حرکتکه کریشب، برهر واقعه توغدوروب حکومتنی قوبقوتوش یولی ایلـی اوز تیله‌کینی اورونلاماق بولدی. بوننگ اوچون اوز تاغ ئیریغی کوچلوك اورونلاشتوروب آلغان قه‌شته‌ر، تورپاندا قوزغولانگ کوتهرمه‌ك بولدی. نتیجه‌ده تورپاندا مصادیره واقعه‌سیدن فایدالانیب برتور کوم‌ه هورراه‌چیلارنلنگ واسطه‌سی ایله قوزغولانگنی باشلایدی.
قوزغولانگ شوندای باشلاندی — ایلی طره‌ف بولوب یـوزگه‌ن بر بولوم هوراچیلار دائیم تورپاندا یوروب خلقغه قـورال توپلاشنی تشویق قلیب، قوزغولوشقا حاضرلانیدی. یاز لق معلم لار قور سیغا اوقوشقا چقان توپان، توقسون، پیچان معلملاری او اوروه‌چیده برهر یارم آی تورغاندن صونگ ملتیت قلوبندا مخفی بریلگه‌ن تاپشوروق بو ینچه اوقوشینی تاشلاب یورتغا قایتیب باریدی. بولار خلق آراسندا موکونوب یوروب اعضا توپـلاب اش باشلاشقا حاضرلانیدی. الگ آخردا هورراچیلارنینگ باشلیغی نعمان جان تورپانغا توشوب حاکم، ساقچی باشقلارینی قوزغولوشنی باشلاشقا آلیپ قویدی
شنگ زمانندا مصادیره قلنغان ملکلار اوز ایگه‌سیگه قایتورزول خاندا، شول قتاردا تورپاننگ تورت سوقما دیگه‌ن جاییدا مصادیره قلنغان خواجه نیاز حاجم، محمود محیطی لرننگ کازبیلری هم قایتورولودی. امداشلك ننگ قولیدن بو کاریزلرنی ساتیب آلغان برنچه‌توزگانلار بونی قایتورمای توروب آلودی. لیکن 150 گه قه‌ده‌ر آستانه

خلقى بومصادیرەلرنى قايتورمىغان تونگانلار اوستيگە كيلىپ ئەرسە
كرەكلرينى اويلريدن تاشلاپ، زورلوق ايلە قايتوروپ آلـىودو،
اما بغداى پشقان كونلردە، بوتونگانلار قورااللانيب كيلىپ،
كاريز ايگەلرينى كاريزدانها يداپ چقاريدو. بو اشقا خاپا بول
غان امين شاكجانك (بگ) آدم توپلاپ كيلىپ بوتونگانلارنك اوسـ
تيگە باسيپ كيلىپ اولارنك 9 نفر آدامينى باغلاپ آلىپ كتيدو. بو
اش شهرگە آشكلا نيپ، تورپاندا تورغان آتلق حكومت عسكـر
لاريدن 3 ماشينادا 90 غە قدەر عسكر تورت سوقماغا كيليدو، بو
جايدا هيچ بر آدم قالماغانلقدن بوبارغان عسكرلر قايتيپ كيـ
ليدو. اما شول كوندن باشلاپ تورپاندا حربى حالت اعلان قيـ
لندو. بو اشدن چوچوگەن حاكم كيچەسى شهردن قاچيپ چقيدو
تورت سوقماغا باسيپ كەلگەن بر بولوم خلق اوز آرقاسيغا

برمونچە ياشلارنى توپلاپ 13 نچى ايول كونى، سەككم آغزيدە
حكومت عسكرلريگە هجوم قيليدو. ديمك قوزغولانك رسمى باشلانيدو.
آخرى بوقوزغولانك دائيرەسى تورپان، توقسون، پچانغا قدر

كيڭە يدو. نتيجەدە بوقوزغالغانلارنك قوراليننك يوقليقى، ياردم
كيليدىغان بر جاينك بولماغانليقى اونونك اوستيگە بر محاصيرە
اچندە تورۇپ قوزغالغانليقى، كوپچولوك خلقنك بولارنك آرقا
سيغا ارگەشمەگەنليكى آرقاسندە مغلوب بولودو.

قەشقەر تبرەنشكە باشلايدو. اما بو حركتكە جدى كريشـ
كەن برمونچا آدم حكومت طرفدن قماققا آلينيدو. عبدالكريم خان
مخدوم واليلق اورنيدن معاون رئيسلككە كوتورولودو. شوندا غ
قلب قەشقەر وضعيتى بوشاپ برەرواقعە قوزغولالماى قالودو.

عموما يوقورقى حركتلر حكومتنى قورقاتش ايلە مسعودافند
ينى رئيسلكدن توشورمەك اوچون اشلەنگەن بولسيمو، آخرى
مغلوب بولغانلقدن حكومت سياستيگە هيچ بر تأثيريەتكوزالماي
دولتيلكى اوزلرينك يورتداكى حكومت آلدنداكى تاثير آبروينى قسـ
قارتيپ آلودو. آلتى شهردەكى ايلى طرەف كشيلەرينك حريكتى
چەكليندو.

ایلی‌دن کیلیب حکومت ایچیگه آرلاشغان ایلی طردف حکومت اربابلری حکومت ایشیغا باریب اشله‌شدن باش تارتیدی. ایلی چوچه‌ك، آلتای‌دن اولکولوك کیگه‌ش اعظالری قورولتایی‌غا قاتناشماق‌بولوب که‌لگه‌ن وکیل‌له‌ر نلك اوروه‌چیده الیب بارغان حرکتی مغلوبیتکه اوچرایدو. قورولتای تورلی سیاسی کوره‌ش گه مشغول بولوب ۋاقتدا آچیله‌ی کینیگه سورولیدو، الك آلـ لدی ایله ایلی طره‌ف قه‌شقه‌ر وه‌باشقا ناحیه‌لر نلك برمونچه کیگه‌ش اعظالرینی ایلی‌غا الیب کیتیدو.

اوروه‌چیده هورا چیلر نلك ادام اوروش حرکتی هیچ توختامای داۋام قیلیب، برنچه یاشله‌ر نك اورتادا تاییق یکه‌لیکی، وه‌بر ایکی یاشلر اوه‌یکی اعظالری نلك اویغور اویوشما کشیلری طره‌فدن قامالغانلیقی، واورولغانلیقی آرقاسیدا، یاشلر اومیگی نلك عبدالرحیم قلیچ، حمدولله نعمیتی کبی اعظالری نلك باشچیلیقی آرقاسیدا اویغور اویوشما قوروسیدا، اویوشما خادملری گه آحشامدا هجوم باشلانیدو. هه‌ر ایکی طره‌فدن اوق آتیلیدو. بوهجوم نه‌تیجه‌سیده اوروه‌چینی باشیغا کیه‌ن «هوررا» چیلر بتونله‌ی قورقوشوب «نه‌ن خوا یودن» نامی باغچا غا قاچیب کیریب آلودو. اوگاسی بولغان اویوشمانی تاشلاب بیریدو.

اویغورچه شنكجالك غزته سیده حـکومه‌تکه قـاریتا تنقید، هجوم، خه‌نسوچه شنكجالك غزیته سیده ایلی طردفکه قاریتا تنقیدمقاله‌لر نهایتی که‌سکین یازیلیشقا باشلایدو. ایلی طرده‌فنی سوکوشله‌ولار نلك اچکی احوالینی پاش قلشدا ایاکی اورتدا چقان یالقین غزته‌سی کوپ رول اوینایدو.

دیمك ایلی طردف نلك نه‌ثری بارغانسیری کوچه‌یب یالغوزبر نه‌ن خوا یودن ایله‌چکلیکنی قاپ سرنقا چقالمایدو. (نه‌ن خـوا یودن بولسا، احمدجان افندی باشلق ایلی‌دن که‌لگه‌ن کاتتا له‌ر اولتورغان برقورو اویغورچه اسمی جنوبی باغ).

نتورلی کوروح رول اویناغان اوروه‌چی یالغوز بـرتورلی کوروح تاثیری آستیغا اوتودو. شول زاماننه‌ردا دارالمعلمین معلمی خواجه قاسیدی دیگه‌ن بریگیت یولداشلری‌غا شونداغ ده‌ر ایدی —: «دولك کوبرو کنه‌ه بارغانغا نه‌در یاشکه‌کدا مینك اسم خواجه قاسیموف، اوندن اوتوب جنوبی شهر ده‌ر بـازاغا

لەر بارغانچە مەنىڭ اسمىم خواجە قاسىمى،اونىڭ اوتوپ شەھەر
دەر بازىسىدان شەھەر ايچىگە كىرگەندىن سونىڭ شەھەر ايچىدە مەنىڭ اسمىم خاجەيىن سىجىڭ (١). دىمەك بىر زامانلەردا «قاسىمىلەر» قورقوپ ياتقانىدا، «قاسىموفلەر» قورقوپ شەھەر ايچىگە، «خاجەيىن جونىڭلەر» قورقوپ دىڭ كوبروك اوستىگە چىقالمايدىغان حالغا يەتكەن:

ايلى طرەف كىشىلىرى اطراف ناحيەلەردە بولسون، اوروەچىدە بولسون ناتىرىدىن آيرىلىپ بارغانسىرى قىسىلىشقا، حركتى اوز لارىنىڭ زىيانىغا چىقىشقا باشلايدو.

(١) خاجەيىن جىڭ دىگەن خواجە قاسىمى اورنىغا خەنسوچە قويوپ آلغان خەنسوچە اسمىدور.

مەمارىن رەئىس احمدجان افندى باشلىق ايلى طرەف حكومەت آربابلىرىنىڭ تشويقى و قعە چقارىپ قورقوتوش يولى ايلە قلغان حركتى نەتىجەسىز قالغاندىن كىيىن بولەر 8نچى آي اخرىدىن باشلاپ جوڭگو سوۋېت آيروپلان شىركىتى نىڭ آيروپلانىغا اولتورشوپ جم—جيت ايلىغا قايتىدو. بولار يوروپ بەرگەنسىرى سونىڭ بسوروب اوروەچىدە اولارنىڭ تشويقىنى قىلغان، ياكى شولەرنىڭ قىلادىغى اسقىدا «شوروا» چىلىك ايشىنى آلىپ بارغان بىر بولوم ياشلار، يولەر كىيىن قالسا حكومەت تنقيدم رەچون بىزنى قامايدو، بىر دىيىشىن اولتورە ميىز دىگەن دورە دوايمەياخود شوناياغ قىلىدو دىپ قورقوشماندىق ايلە آيروپلانغا نوشوپ ايلىغا قاچىشقا باشلايدو. شونداق قىلىپ ايلى طرەف نىڭ تاثيرى اوروەچىدە توگەيدو.

9 — آينىڭ 7 — كونى جاڭ جى جوڭ افندى ايلىغا قايتىپ كەتكەن احمدجان افندىگە — «1 — ايلى طرەف انضباطلىك بىلەن قايتىپ كەلمەگەندە ئۇچرۇق بىزنى بوزوپ، حكومەتنى قالدور دىپ — ى اعلان قىلمايسىز؛ 2 — ياخود بىزنى بوروپ يانا عصيان باشلاماق بولمايسىز؛ 3 — اگر يولداشى ايكى ئەنصاف سىزلاردە يوق بولسا، يانا قايتىپ كىلىپ مسئلەنى حل قىلىش اوچون صحيحى حاللانمايدىغانغا كىرىشىڭلار» دىگەن مضمونىدا بىر مكتوب يازىدو.

بو مکتوبغا جوابا ایلی طرفدن 10 نچی آینینک 16 نچی کونی «1 نچی عسکر، ساقچیلارنینک مأموری اشلارغا آرالاشیش اشلری، خلق چیلیق، ارکینلیکنی بوزوش اشلری یوقاتیلسون. 2 نچی قمالغان الغار ضیالیلار آزاد قیلنسون. 3 نچی مسعود افندی رئیسلیکدن قال دورولسون. 4 نچی ایلی، آلتای، چوچک‌ده‌کی عسکرلرگه تأمی نات بریلسون. 5 نچی تینچلیق بیتم تولوق اجرا قیلنسون 6 نچی شنکجانکدا تورغان دولت عسکرلری‌نینک سانی چکلانسون» دیگن مضـ موندا بر مکتوب چانک جی جونک افندیگه کیلیدور. بونینکغا قاریتا چانک جی جونک افندی اوزلایقیدا جواب یازغانینک سرتیدا مکتوبنینک آخریغا توبنده‌کی سوزلرنی قستاریب قویودو — «ایلی وکیلـ لاری اورومچیگه یاکی نانجینگه کیلسون، بیتمنی تولوق اجـ را قیلیش ایشینی و آساسی قانون بوینچه رئیس سایلاش چاره سینی توزدش اشلرینی مذاکره قیلایلی، حاضرقی وضعیتنی بو شاتماق اوچون ایلی طرف توبنده‌کی اشلارنی آلدی ایلـه اشلیسون.

1 نچی ایلی، آلتای، چوچک‌ده‌کی فرق العاده حالت یوقیدیب ایته سون: مکتب، اداره، عسکرلر دولت بایراقنی اشلیتسون. 2 نچی یانکی عسکر آلش، سوقوشقا حاضرلیق کوروش حرکتلری توخـ تاتیلسون، عسکرلر بیتمدکی سان بوینچه قسقارتیلسون. 3 نچی شرقی تورکستان‌جمهوریتی» حرکتی ودولتکه، دولت عسکرینکه و حمد سولارغا قارشی تشویق توختاتیلسون. 4 نچی ماهی دریاسنده‌کی قاتنش اشلری بوروتتی حالیغا کلتورولسون، قاتنق تکشوروش اشلرتی الیب تاشلانسون، اوندا توساب قویولغان حکومت وخصو صی کمنیلر ماشینالری قویوب بریلسون».

اما ایلی طرفنینک بوینچه ردت بر بریگه بیرگن مکتوبلاردن هیچ بر نتیجه چیقمیدی. شونداغ قلب ماس دریاسیدا کی قاتناش اشلری توختاپ، ایلی ایله بولغان قاتناش یالغوز آیروپلان ایله چکلینیب قالدی: ایلی طرف ئولایتنی بر مستقل حالتکه کیرگوزوب آلدی.

# مسعود افندی رئیسلکده بولغان کونلر

وضعیت نینک سلبی باغینی الیب ایتقاندا، ایلی طرف ایله حکومت اورتاسیده‌کی قاریمه-قارشیلیق کوچایغان، بو قاریمه-قارشیلیقدن دولایی خلق نینک روحی حالی قالایمیقانلاشقان، بو قالایمیقانچیلیق تأثیریدن حربی حکمرانلیق بتون اشنینک اوستیگه چیقان، خلق بولوبمو ضابطلار اوزون یللیق سیاسی اوزگوروش اچیده قالیب دخی بر توغری یولغا قاراب ماڭالماس كیتالماغان، خلق نینک آکسیزلیقیدن فایدالانیب، بعضی حالدا بر بولوم اسکی آدملر یورتنینک اداره تزگینینی قولیغا کیرگوزوب الیب، یاشیریغینه اورتاغا آتیلغان سایلام اشلرینی حقیقی اجرا ایتیشکه یول بیرمه‌گن، یه‌رلی قوزغولانگ پاراخورلوق و اچکی جونگگوسو قوشیننینک تأثیریدن یورت نینک بایلیغی ضعیفلشکن، اقتصادی قورولوش خارابلاشقان، خلق نجادلیق غربیده‌مو-شرقیده — دیب دخی بر قارارغا کیلالمیغان، اوتکن تاریخی سباقلرنی کوزده توتوب خلق دخی بو بریلگن حقوقلر واقتلیق — میکن دیب مرکزگه اشه‌نیب کیتالماغان‌وه‌بر بولوم خلق غربده‌کی قوزغیلاڭنینک نیدن چیقیب، نه‌گه باریشینی اوگونوب یتالمای اولارغا ئیرگه‌شکه‌ن، چیگارا مسئله‌سینینک دخی حل بولونماغانلیقینی کوزده توتوب مرکز بو یورت نینک اداره حقوقینی یه‌رلی خلق قولیغا پوتکول بیریب کیتالماغان، و خلق نینک اشه‌نچه‌سینی اوزیگه جلب قلالیق بیره‌ر بیوک یاخشیلیقنی اورتاغا چیقارشقا دخی اونگیروب یتالماغان، اونینک اوستیگه خلق آنکی آرقادا، ملی ترکیبی مرکب توپراغی کینک بو جمعیت اچیده اوصول تل بیری آیری، مقصد نیشانه‌سی باشقا، کورونیشی یاخشی، مضمونی ناچار، سوزی تاتلیق، ایچی آچچیق، سیزه‌ر-سه‌زمه‌س حالدا عربا چرخینی قارغولارچه غربکه یاخود شرققه و یاکی شمالغا یاخود جنوبقا تارتقوچی بر بولوم گروهلرکی کیشیلر اورتادا رول اوینای تورغان، یه‌رلی اداره‌لر یه‌رلی کادیرلرنینک کام لقیدین قینالغان، اطرفلرده یاخشی کادیرلر امکان بولمای باشینی اچیگه تیقیب الیب، او [illegible] تاخلاپ توشمیگه‌ن، یاخود توشکه‌نلری بولسا، اولار

نلڭ اوستدن شبوه قلنغان، یورت بر، حکومت بر، سیاست بر، مسلەك بر بولساەو، ١٠ ولایت نلڭ هر بریندە بر تورلی هوا، بر تورلی وضعیت حکوم سورگەن یورت باشندەگی آدم اوزی اسە تەگەنچە اشلە یکە شرائط توغولماغان بر زاماندا، مسعود افندی رئیسلك اورونغا اولتوردی.

یورت دیسە مرکز تورغان، مرکز دیسە یورت تورغان، برنی خوش قیلسا، ایکنچیسی خافا بولودیغان، هەمەنی تەڭ خوش قیلشقا امکان بولماغان، چوڭینی دیسە، کچیگی تورغان، کچیگینی دیسە، چوڭی تورغان، اشلەی دیسە هەمە گە قیلی یەتمەیــ گەن، قیلای دیسە، آلدیندا توسقونلر تورغان بر جمعت اچندە توروب اش باشلاماققا توغری کەلدی.

مسعود افندی اش باشندا بولغان اولکولوك حکومت نــلڭ یرم یلغا قلر واقتی ایلی طرف ایلە بولغان سیاسی ماجرا، تورپان، آلتی شهردەگی قالاەیقانچلقنی ترتیبکە سالش، خالقنی اوستدن بر یللق غلە، سودا تجارتچیلر اوستدن یرم یللق باجنی الیب تاشلاش ایلە اوتدی. عیسی بگ افندی نلڭ اوینوشتوروشی تشویقات هممتی، نلڭ غیرەتی و اولکولوك حکومت نلڭ کوچی ایلە اچکی اولکەگە بر تیاتر اوەگی ایبەریلدی. بو اومك شاگخەی نانکن، خوانگجو، فورموزا قاتارلی مشهور جایلەرغا باریب تورکستانلق نلڭ تورك ملی اوبونلەرینی قویوب بەردی. چیگــرالقلرنی مەنیتسز دەب یورگەن داخلدەگی خلقلرغا تورکــلر نلڭ نە قلر زور مدنیتکە ایگە ایکەنینی کورسەتیب، اولارنلڭ تورکستانلق تورکلرگە بولغان تنشینی یاخشیلاشقا سببچی بولدی بو اومك بارغان فورستلن فایدالانیب، تورکستانلق نلڭ ملی اویون کانسیرتلرینی فلم غا آلدیرغاننلڭ سرتیدا، تورك مدنی غزللرینلن اللە مشهورلرینی تاخساغا آلدوروب قایتدی.

مسعود افندی یورتنلڭ معارفی اوچون نانکین گە مخصوص آدم کوندروب یلاندا باستوروب تیار قلماقچی بولغان 240 000 دانە تورلی درسلك کتاب نلڭ بر قسمینی باستوروب کەلتوردی. تورپان، پچان، توقسوندن باشلاپ یورت نلڭ سو مسئلەسینی حل قلماق اوچون سو قازش اشی اوچون حکومت کوچینی سفر

بر قلغاننىڭ سرتندا، اوزى بى واسطه بو اشقا تشبثكار بولوب
خصوصى آقچاسىدن يوز ميليون آقچا چقاريب تورپان، سنگگم آغ
زى سو قوروُلوشىنى، پچان اورتەك آغزى سو قورولوشىنى
باشلاندى. 37- يلى 3نچى آيدا باشلانغان بو سو قورولوشى
6نچى آيغا قالماى خلق نى سو ايله تأمين قلشقا باشلادى.
خلق نىڭ كمبغللىقى نى اعتبارغا آليب، كمبغل لرنى قشدا
كمور، اون ايله تأمين قلغاننىڭ سرتندا اوروميچىدەكى 90 نانواى
خالەنى آرزان بهالق حكومت اونى تأمين قيلدى.
ملى خدمت ياغىدىن مسعود افندى بر ملتچى آدم بولغانى
اوچون اونىڭ حمايەسى آستندا يورتدا ملتچيلك ترقى قيلشقا باش
لادى. ياشلر اوزى نىڭ آتا باباسىنىڭ تاريخيدن، يورتى نىڭ احوا
ى، ملتى نىڭ اسمىدىن بر نرسه توشونوشكه باشلادى. شنىڭ شى
سەى زامانىدا آغزدن نيمه چقسا، شونى يازيب بوزولغان املا
نى بزلككه كلتوروش حركتى باشلاندى.
آلتاى نشرياتى ادارەسىنىڭ مديرى عيسى بك افندى طرفندن
توركستان تاريخندا بيوك اورون توتوديغان درنەك ايجاد ايتلدى.
درنەك آرقالى ياشلرغا علمى نطقلر، يورت نىڭ تاريخى، تيلى،
ادبياتى حقندە بيوك كونفرانسلر بيريلب، ياشلرنىڭ علمـــى در
جەسى بوقورى كوتورولوشكه باشلادى. «يورتيمز توركستانـــ
لدور، عرقيمز توركدور، دينيمز اسلامدور؛ بز ملتچيمز، بز انـــ
سانيتچيمز، بز خلقچيمز» ديگەن 6 تورلى شعار ايله اورتاغا چقان
ارك غزتەسى خلق غه توغرى علمى اوزوق بـــريشده بيوك رول
اوينادى. مسعود افندى رئيسلكيده بولغان بر يل اچنده مطبوعات
چيلق نهايتى تز ترقى قيلدى. بو واقتقا قدر توركـــچه كتاب
كورميگەن يورتيمزنىڭ حاتتا كتاب خانەلرى توركچه كتاب ايله
توشدى. آلتاى نشريات ادارەسىدن قلم كورەشى، استقلال مجا
دلەسى، ارك شعارى؛ اولكه تاريخى، توركچه الفبا، چينى تور
كستان كبى اثرلر، مسعود افندى اثرلريدن الك اوگرەتمـــن،
نياز قز، ترمه چاتمالر، توركلك اورانى، بر نطق كبى اثرلـــر،
غربى شمال مدنى قورولوش جمعيتى طرفندن جهان، ياشلربلمى،
ئيەن شەن رسملى ژورنالى، اسلام تاريخى، دولت آساسى قانـــو

نى كبى اثرلر مطبعەدن چيقب، خلق آراسيغا تارالدى.
چاڭ جورين افندى نڭ تشبثى ايلە اولكونڭ اصلاحات و
مدنيت اشلريگە ياردملاشماق اوچون اورومچيدە «ياشى شڭ جاڭ
قوروشقا همكارلاشماق اويوشماسى» و «غربى شمال مدنى قورو
لوشيغا ياردملاشماق اويوشماسى» آتلق 2 اويوشما قورولودى.
دولتكە رئيس جمهور سايلاش اوچون نانكين دە آچيلغان قو
رولتاى غا اولكومزدن بارغان وكيللرنڭ تاشلاغان فكريني، قو
رولتاى توبنديكيچە، قيلب قبول قيلبدو: 1— شڭ جاڭدەكى يەر
لك تورك خلقى شڭ جاڭ ديگەن اسم اورنيغا تورکچە قيلب
چينى توركستان دەپ يورتسون، 2— شڭ جاڭ خلقى غا بر ملى
مختاريات بريلسون، چيگارا اولكەلرگە بر منگو سياست بەلگو
لەنسون.

خلق تورك، توركستان ديگەن سوزنى اورومچى اطرافيدا
اغزدن چقارليسيمو اما آلتى شهردە چقارالماسلق حالدا قالدى.
خلاصە قلغاندا، مسعود افندم زامانيدا بتون ياخشيلق اش
لرنڭ آساسى قورولوشقا باشلادى. زامانيشونداغ كەتسە، يورت
ملت نڭ استقبالي پارلاق بولغوسى. يورت خلقى، مركزگە قاريتا، بو قدر بەرديلك، بكرا احتياجمزغا يەتمەيدو، بنە كورەك
بەرسەڭ ديگەن اوميد اچندە قالدى.

تمام